# ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى

## 中亚信息



5 '97

INFORMATION OF CENTRAL ASIA

# 目　次　《中亚信息》

1997年第5期
（总第76期）


**法规**

俄海关委员会对作为法定（合股）资本投资进口的商品实行进口关税优惠的规定 …… (3)
哈萨克斯坦共和国国家税务委员会和海关委员会关于增值税的命令 …… (5)
哈中两国合作保证进出口商品质量和相互检查进出口商品的政府间协定 …… (7)
乌兹别克斯坦共和国总统关于整顿外汇现金在国内流通秩序的措施令 …… (10)
乌兹别克斯坦总统关于国家支持农业生产的措施令 …… (13)
土库曼斯坦共和国增值税法 …… (17)

**综述**

哈萨克斯坦政府和国家银行关于1997年本国财经政策的主要方向及社会经济发展成果预测的声明 …… (23)
吉尔吉斯斯坦的投资环境 …… (30)
吉尔吉斯斯坦共和国《自由经济区法》摘要 …… (34)
吉尔吉斯斯坦的养蜂业前景看好 …… (38)
中乌经贸关系现状及存在的问题 …… (39)
新疆扭转企业亏损的几条思路 …… (44)

**边贸信息**

乌韩经济合作已初见成效 …… (4)
国际货币基金组织看好俄经济形势 …… (12)
中吉伊尔克什坦口岸将临时开通 …… (33)
吉尔吉斯斯坦保护私营企业 …… (43)
中俄贸易又创新水平 …… (49)


本期责任编辑：木叶斯赛尔

باش مۇھەررىر:
جاڭ يۈجۈ
نەجمىدىن نىزامىدىن

مەسئۇل مۇھەررىر:
گۈلسۇم ئابدۇۋايىت

مۇئاۋىن مەسئۇل
مۇھەررىر:
شىرىنە ئىسھاقوۋا

مۇھەررىر ۋە تەرجىمانلار
مۇنەۋۋەر قادىر
يارمۇھەممەت ئىبراھىم
مۇيەسسەر ئابدۇرېھىم

بۇ ساننىڭ مەسئۇل
تەھرىرى:
مۇيەسسەر ئابدۇرېھىم

## بۇ سانىدا

### «قانۇن - بەلگىلىمە»

روسىيە تاموژنا كومىتېتىنىڭ قانۇنىي (پاي قوشۇلغان) دەسمايىنى مەبلەغ سېلىپ ئىمپورت قىلغان تاۋارلارغا يۈرگۈزۈلىدىغان ئىمپورت تاموژنا بېجىغا ئېتىبار بېرىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى ...... (3)

قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى دۆلەتلىك باج كومىتېتى بىلەن تاموژنا كومىتېتىنىڭ قىممىتى ئاشقان باج توغرىسىدىكى بۇيرۇقى ...... (5)

قازاقىستان بىلەن جۇڭگونىڭ ئىمپورت-ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋارلارنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋارلارنى ئۆزئارا تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى ھۆكۈمەتلەر ئارا ھەمكارلىشىش كېلىشىمى ...... (7)

ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى زۇڭتۇڭىنىڭ تاشقى پېرېۋوت ۋە نەق پۇلنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ئوبوروت تەرتىپىنى ياخشىلاش توغرىسىدىكى بۇيرۇقى ...... (10)

ئۆزبېكىستان زۇڭتۇڭىنىڭ دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى قوللاش چارىلىرى توغرىسىدىكى بۇيرۇقى ...... (13)

تۈركمەنىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قوشۇلما قىممەت بېجى قانۇنى ...... (17)

## «ماتېرىيال»


قازاقىستان ھۆكۈمىتى بىلەن دۆلەت بانكىسىنىڭ 1997-يىللىق دۆلەت مالىيە ئىقتىساد سىياسىتىنىڭ ئاساسلىق يۆنىلىشى ۋە ئىجتىمائىي ئىقتىسادتەرەققىيات نەتىجىلىرىنى مۆلچەرلەش توغرىسىدىكى باياناتى ........................ (23)

قىرغىزىستاننىڭ مەبلەغ سېلىش مۇھىتى ........................ (30)

قىرغىزىستاننىڭ «ئەركىن ئىقتىسادىي رايون قانۇنى» دىكى مۇھىم نۇقتىلار ........................ (34)

قىرغىزىستاننىڭ ھەسەل ھەرىسى بېقىش كەسپىنىڭ ئىستىقبالى پارلاق ...... (38)

جۇڭگو - ئۇكرائىنا ئىقتىسادىي سودا مۇناسىۋىتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ........................ (39)

شىنجاڭدىكى كارخانىلارنى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتىكى بىر نەچچە پىكىر ........................ (44)


## «چېگرا سودا خەۋەرلىرى»


ئۆزبېكىستان بىلەن كورىيىنىڭ ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ئىشلىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولماقتا ........................ (4)

خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتى روسىيىنىڭ ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىدىن ئۈمىدۋار بولماقتا ........................ (12)

جۇڭگو قىرغىزىستان چېگرىسىدىكى ئېركىشتان سودا ئېغىزى ۋاقىتلىق ئېچىۋېتىلىدۇ ........................ (33)

قىرغىزىستان خۇسۇسىي كارخانىلارنى قوغدايدۇ ........................ (43)

جۇڭگو - روسىيە سودىسىدا يەنە يېڭى سەۋىيە يارىتىلدى ........................ (49)

# روسىيە تاموژنا كومىتېتىنىڭ قانۇنىي (پاي قوشۇلغان) دەسمايىنى مەبلەغ سېلىپ ئىمپورت قىلغان تاۋارلارغا يۈرگۈزۈلىدىغان ئىمپورت تاموژنا بېجىغا ئېتىبار بېرىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى

روسىيە فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ 1996 - يىلى 7 - ئاينىڭ 23 - كۈندىكى 883 - نومۇرلۇق «چەت ئەل مەبلەغ سالغۇچىلىرى چەت ئەلنىڭ مەبلەغ سالغان كارخانىلىرىنىڭ قانۇنىي (پاي قوشۇلغان) دەسمايىسى سۈپىتىدە مەبلەغ سېلىپ ئىمپورت قىلغان تاۋارلارغا قارىتا يۈرگۈزۈلىدىغان تاموژنا بېجى ۋە قوشۇلما قىممەت بېجىدا ئېتىبار بېرىش توغرىسىدىكى قارارى»نى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەر بەلگىلىنىدۇ:

1. 1996 - يىلى 8 - ئاينىڭ 5 - كۈندىن باشلاپ، دۆلىتىمىزدىكى مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ قانۇنىي (پاي قوشۇلغان) دەسمايە سۈپىتىدە مەبلەغ سېلىپ ئىمپورت قىلغان تاۋارلىرىغا قارىتا، تۆۋەندىكى شەرتلەرگە مۇۋاپىق كەلگەنلىرىگە نىسبەتەن تاموژنا بېجى كېمەيتىلىپ كەچۈرۈم قىلىنىدۇ:

— ئىستېمال بېجى ئېلىنمايدىغان تاۋارلار؛

— تۇراقلىق ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تاۋارلار:

— ھۆججەت تۈرغۈزۈشنىڭ بەلگىلەنگەن مۇددىتى ئىچىدە ئىمپورت قىلىنغان قانۇنىي (پاي قوشۇلغان) مەبلەغ سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدىغان تاۋارلار.

2. ئىمپورت تاموژنا بېجىدا ئېتىباردىن بەھرىمەن بولىدىغان ئىمپورت قىلىنىدىغان تاۋارلارنىڭ ئومۇمىي قىممىتى چەت ئەل كارخانا قۇرغۇچىلىرى ھۆججەت تۈرغۈزۈش جەريانىدا بېكىتكەن قانۇنىي (پاي قوشۇلغان) مەبلەغنىڭ سېلىنىش مىقدارىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك.

3. تۇراقلىق ئىشلەپچىقىرىش فوندىغا ئىشلىتىلىدىغان تاۋارلار روسىيە فېدېراتسىيىسى دۆلەت ئۆلچەم ئىدارىسىنىڭ 1994 - يىلى 12 - ئاينىڭ 24 - كۈندىكى 359 - نومۇرلۇق قارارى تەستىقلىغان OK013—94 - نومۇرلۇق پۈتكۈل روسىيە تۇراقلىق فوند تۈرلىرى ئومۇمىي جەدۋىلىگە ئاساسەن بېكىتىلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ يەردە ئېيتىلغان تۇراقلىق ئىشلەپچىقىرىش فوندى تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ياكى تۈرغۈزۇلغان ھۆججەتتە بەلگىلەنگەن تىجارەت تۈرلىرى بويىچە بازار ياكى غەيرى بازار مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەشتە بىۋاستە ئىشلىتىلىدىغان تۇراقلىق فوندنى كۆرسىتىدۇ.

غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش تۇراقلىق فوندى بولسا تاۋار ئىشلەپچىقىرىش جەريانى ياكى مۇلازىمەت تەمىنلەشتە بىۋاستە

ئىشلىتىلىدىغان تۇراقلىق فوندنى كۆرسىتىدۇ.

4. بۇ بەلگىلىمىنىڭ 1 ـ ماددىسىدا كۆرسىتىلگەن تاۋارلارنى ساتقاندا، تاموژنا رەسمىيىتىنى بېجىرگەن كۈندىكى باج نىسبىتى بويىچە ئىمپورت بېجى ئېلىنىدۇ.

5. تاموژنا تەكشۈرۈش ئورنى چەت ئەل مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ مالىيە ۋە تىجارەت پائالىيەتلىرىنى تەكشۈرۈشكە مەسئۇل بولۇپ، بۇ بەلگىلىمىنىڭ 1 ـ ماددىسىدا كۆرسىتىلگەن تاۋارلارنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالىغا قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ.

6. روسىيە دۆلەت تاموژنا كومىتېتى تاموژنا تەكشۈرۈش مەھكىمىسى (ئا. ب. فولكوۋ)، روسىيە دۆلەت تاموژنا كومىتېتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەھكىمىلىرى (ئې. ئا. سافاروۋ) بىلەن كېڭىشىپ، چەت ئەل مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ مالىيە ۋە تىجارەت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش، شۇنداقلا بۇ بەلگىلىمىنىڭ 1 ـ ماددىسىدا كۆرسىتىلگەن تاۋارلارنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالىغا قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنىڭ تەرتىپ قائىدىلىرىنى تۈزۈشتى كېرەك.

7. ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە مىقدارىغا ئاساسەن، ئۇنىڭ سېتىشقا ئىشلىتىلىشىدىن گۇمانلىنىشقا ھەقلىق بولغان ياكى تاموژنا ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلارنىڭ ئىشلىتىلىشىدىن گۇمانلانغان ئەھۋال ئاستىدا، روسىيە دۆلەت تاموژنا كومىتېتى ئىمپورت تاموژنا بېجىدا ئېتىبار بېرىش ـ بەرمەسلىكنى قارار قىلىدۇ.

1996 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى
01.14.892نچى نومۇر
روسىيە دۆلەت تاموژنا كومىتېتى
بىرىنچى مۇئاۋىن رەئىسى:
ۋ. كروگلىكوۋ (03)

## ئۆزبېكىستان بىلەن كورىيىنىڭ ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ئىشلىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولماقتا

يېقىندا كورىيىنىڭ «كاۋترا» سودا مۇلازىمەت ۋە مەبلەغ سېلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۆزبېكىستاننىڭ مەركىزى تاشكەنت شەھرىدە ئىش باشلىدى.

كورىيە ئۆزبېكىستاندىن ناھايىتى يىراق بىر دۆلەت. لېكىن بۇ يەردىكى سودا ـ سانائەتچىلەر ناھايىتى ئۇزاق يىللاردىن بۇيان ئۆزبېكىستان بازارلىرىغا قىزىقىپ كەلمەكتە ۋە بۇ بازارغا كىرىش ئۈچۈن قەتئىي تىرىشماقتا. ھازىر تاشكەنت شەھرىنىڭ كوچىلىرىدا كورىيىنىڭ پەقەت ئېلېكتىر مەھسۇلاتلىرى ماگىزىنى، كىيىم ـ كېچەك ماگىزىنى ۋە ئېلېكتىر ئاپتوماتلاشقان مەھسۇلاتلار كۆرگەزمىخانىلىرى بولۇپلا قالماي، يەنە شېرىكلىشىپ قۇراشتۇرغان «ئاساكەي» ماشىنىلىرى، سىنئالغۇ ۋە «ئالمارك» تېلېۋىزورلىرىمۇ بار. يېقىندا يەنە تاشكەنت شەھرىدە چوڭ تىپتىكى سىپتا ئېگىرىدىغان پاختا يىپ شېرىكلەشكەن كارخانىسى قۇرۇلدى.

بۇ كارخانىلارنىڭ ھەممىسى كورىيىنىڭ ئۈسكۈنە ۋە تېخنىكىلىرىنى ئىشلەتكەن بولۇپ، بۇلار ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلار ناھايىتى كۈچلۈك رىقابەت كۈچىگە ئىگە. بۇ مەھسۇلاتلار روسىيە قاتارلىق ئۈچىنچى دۆلەتلەرگە يېتىلىدۇ. (01)

# قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى دۆلەتلىك باج كومىتېتى بىلەن تاموژنا كومىتېتىنىڭ قىممىتى ئاشقان باج توغرىسىدىكى بۇيرۇقى

1. قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىدىكى ھەر قايسى تاموژنا باشقۇرۇش ئىدارىلىرى ۋە تاموژنىلارنىڭ زور كۆلەمدە تەكشۈرۈشكە ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك ئۇقتۇرۇش قىلىمىز: تاموژنا تارماقلىرى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا دۆلەتلەردىن تاۋار ئىمپورت قىلىشتا تاموژنىدىن كىرگۈزۈش رەسمىيىتىنى بېجىرگەندە، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى 1996 - يىلى 8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئېلان قىلغان 979 - نومۇرلۇق بۇيرۇقىغا ۋە قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ باج تەكشۈرۈش باش ئىدارىسى بىلەن قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى دۆلەتلىك تاموژنا كومىتېتى 1996 - يىلى 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئايرىم - ئايرىم ئېلان قىلغان 12-12-01-8/4331 نومۇرلۇق ۋە 034-5/6290 نومۇرلۇق بۇيرۇقىدا ئىمزالانغان بىرلەشمە ئۇقتۇرۇشىدىكى باج نىسبىتى پەرقلىق سانى بويىچە قىممىتى ئاشقان باج ئېلىنىدۇ.

غەيرى سودا مۇئامىلە ساھەسىدىكى تاۋارلارنى تاموژنىدىن كىرگۈزۈش رەسمىيىتىنى بېجىرگەندە، ئەگەر مال تارقىتىش ھۆججىتى ياكى تالونى، پۇل تاپشۇرۇپ مال ئېلىش تالونى، تاۋار يۆتكەش تالونى بولسا ياكى تاۋار ئومۇمىي قىممىتىدىن 20%نى ئىگىلەيدىغان قىممىتى ئاشقان باج ئايرىپ چىقىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ھۆججەت بولسا، قىممىتى ئاشقان باجنى قايتا تۆلىمىسىمۇ بولىدۇ.

ئەگەر تاۋار ئومۇمىي قىممىتىگە 20% لىك قىممىتى ئاشقان باج كىرگۈزۈلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ھۆججەت بىلەن تەمىنلەشكە ئىمكان بولمىغاندا، ئومۇميۈزلۈك قوبۇل قىلىنغان بەلگىلىمە بويىچە تاموژنا رەسمىيىتىنى بېجىرسە بولىدۇ.

2. روسىيە فېدېراتسىيىسىدىن ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلارغا نىسبەتەن تۆۋەندىكىدەك بەلگىلىمىلەر قوللىنىلىدۇ:

1) روسىيە فېدېراتسىيىسى ئىچىدە 10% لىك باج نىسبىتى بويىچە يىمەكلىكلەردىن تاپاۋەت بېجى ئالغاندا (تىزىملىككە قاراڭ)، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ باج تەكشۈرۈش باش ئىدارىسى ۋە قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى دۆلەت تاموژنا كومىتېتىنىڭ 1996 - يىلى 8 - ئاينىڭ 15 - كۈندىكى 12-12-01-8/4331 نومۇرلۇق ۋە 034-5/6290 نومۇرلۇق بۇيرۇقىدا ئىمزالانغان بىرلەشمە ئۇقتۇرۇشنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن قىممىتى ئاشقان باجنى قوشۇپ ھېسابلاش كېرەك.

2) تىزىملىككە يېزىلمىغان باشقا تاۋارلارنى تاموژنىدىن كىرگۈزۈش رەسمىيىتىنى بېجىرگەندە قىممىتى ئاشقان باج كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

3. ئۇكرائىنادىن تاۋار ئىمپورت قىلغاندا، ئومۇمىيۈزلۈك قوبۇل قىلىنغان بەلگىلىمىگە ئەمەل قىلىپ %20 لىك باج نىسبىتى بويىچە، قىممىتى ئاشقان باج ئېلىنىدۇ.

قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى دۆلەتلىك باج ئىشلىرى كومىتېتى

12—12—01—8/5030 نچى نومۇر

1996-يىلى 9-ئاينىڭ 30-كۈنى

قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى دۆلەتلىك تاموژنا كومىتېتى

1996-يىلى 9-ئاينىڭ 30-كۈنى

031—917184 نچى نومۇر

قوشۇمچە:

روسىيە فېدېراتسىيىسى %10 لىك باج نىسبىتى بويىچە قىممىتى ئاشقان باج ئېلىنىدىغان يېمەكلىكلەر تىزىملىكى:

تىرىك ھايۋانلار ۋە تىرىك قۇشلار؛ گۆش ۋە گۆش مەھسۇلاتلىرى (ئالاھىدە ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ، يەنى: ئومۇرتقا گۆشى، موزاي گۆشى، كالىلارنىڭ تىلى، سۈرلەنگەن بىرىنچى دەرىجىلىك خام كولباسا، قورۇتۇلغان كولباسا، قىيمىلىق بىرىنچى دەرىجىلىك كولباسا، چوشقا گۆشى، قوي گۆشى، كالا گۆشى، موزاي گۆشى ۋە قۇش گۆشى قاتارلىقلاردىن ياسالغان سۈرلەنگەن يېمەكلىكلەر، تۇزلاپ قورۇتۇلغان بېلىق گۆشى، چوشقىنىڭ قاقلانغان ئومۇرتقا گۆشى، بويۇن گۆشى، سۈرلەنگەن چوشقا سېنى، لوق گۆشى، قاقلانغان چوشقا گۆشى ۋە كالا گۆشى، سۈرلەنگەن كالا گۆشى كونسېرۋاسى، كالا تىلى كونسېرۋاسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)؛ سۈت ۋە سۈت مەھسۇلاتلىرى؛ تۇخۇم ۋە تۇخۇم مەھسۇلاتلىرى؛ ئۆسۈملۈك مېيى؛ سۈنئىي قايماق؛ ئاق شېكەر؛ ئاشلىق؛ بىرىكمە يەم خەشەك؛ ئاشلىق چىقىندىلىرى؛ ياغ زىرائەت ئۇرۇقلىرى ۋە ئۇنىڭدىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار؛ بولكا ۋە بولكا تۈرىدىكى يېمەكلىكلەر؛ ھەر خىل ئاشلىق دانلىرى؛ ئۇن؛ ئىچى كاۋاك ئۈگرە مەھسۇلاتلىرى؛ تىرىك بېلىق؛ دېڭىز مەھسۇلاتلىرى ۋە بېلىق تۈرىدىكى مەھسۇلاتلار؛ توڭلىتىلغان بېلىق ۋە باشقا ئۇسۇللار بىلەن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن بېلىق (ئالاھىدە ئېسىل تەملىك بېلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)؛ بالىلار يېمەكلىكلىرى؛ دىئابىت كېسەللىكلىرى يېمەكلىكلىرى؛ كۆكتات ۋە كۆكتات مەھسۇلاتلىرى؛ ياڭيۇ ۋە ياڭيۇ مەھسۇلاتلىرىدىن ئىبارەت. (01)

---

(بېشى 22-بەتتە)

10 ـ باب ئاخىرقى ماددا

قوشۇلما قىممەت بېجىنىڭ باج نىسبىتى ۋە بۇ بۇيرۇقتا بەلگىلەنگەن باج ئېلىشتا ئېتىبار بېرىش تىزىملىكىنى نۆۋەتتىكى يىللىق مالىيە خام چوتىنى بېكىتكەندە بەلگىلىنىدۇ.

بۇ بۇيرۇقنىڭ يۈرگۈزۈلۈش قائىدىلىرىنى تۈركمەنىستان دۆلەتلىك باج ئىشلىرىنى تەكشۈرۈش باش ئىدارىسى بىلەن ئىقتىسادىي مالىيە مىنىستىرلىكى كېڭىشىپ بەلگىلەيدۇ

تۈركمەنىستان جۇمھۇرىيىتى زۇڭتۇڭى

سەپەرمۇرات. نىيازوۋ (03)

# قازاقىستان بىلەن جۇڭگونىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋارلىرىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋارلارنى ئۆزئارا تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى ھۆكۈمەتلەر ئارا ھەمكارلىشىش كېلىشىمى

قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ كېلىشىم تۈزگەن ئىككى تەرەپ دەپ ئېلىنىدۇ) خەلقىنىڭ ساغلاملىقىنى، مۇھىتىنى، ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش، تەكشۈرۈش تەرتىپىنى ئاددىيلاشتۇرۇش ۋە ئىككى دۆلەتنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋارلىرىنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلاش ھەم مۇلازىمەت سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش توغرىسىدا بەرگەن ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي سودا ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، تۆۋەندىكىدەك كېلىشىم ئالاھىدە ئىمزالاندى:

1 - ماددا ئىككى تەرەپ بۇ كېلىشىمنى ئىجرا قىلىشتا چوقۇم ئىككى دۆلەتنىڭ قانۇنىغا بويسۇنىشى، ئىككى دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي مەنپەئىتىگە تەسىر يەتكۈزمەسلىكى شەرت.

2 - ماددا ئىككى تەرەپ قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۆلچەم، مىقدار ۋە سۈپەت تەكشۈرۈش كومىتېتىغا ھەم جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەتلىك ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنىدىغان ماللارنى تەكشۈرۈش ئىدارىسىغا (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ ئىككى دۆلەتنىڭ ئاساسلىق باشقۇرۇش ئورگانلىرى دەپ ئېلىنىدۇ) مەزكۇر كېلىشىمدىكى تەشكىللەش ماسلاشتۇرۇش ۋە نازارەت قىلىش خىزمىتىگە پۈتۈن ھوقۇقلۇق مەسئۇل بولۇش ھوقۇقىنى بېرىش.

3 - ماددا ئىككى تەرەپنىڭ ئاساسلىق باشقۇرغۇچى ئورگانلىرى ئورتاق مەنپەئەت ۋە باراۋەر پرىنسىپقا ئاساسەن، ئىككى تەرەپ بىردەك قوشۇلىدىغان، ئۆلچەملىك ھۆججەتنىڭ تەلىپىگە ماس كېلىدىغان تاۋار تىزىملىكىنى، ماركا تىزىملىكى قاتارلىقلارنى بەلگىلەپ، ھەر بىر تەرەپ بۇ تىزىملىكنى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ تاۋار تىزىملىكى دېيىلىدۇ)، تاۋار تەكشۈرۈش ئورنى ۋە تاۋار تەكشۈرۈش ئورگانلىرىنىڭ ئۆزئارا كېلىشىم تەرىپىنى ئۆز تاموژنىلىرىغا ئۇقتۇرۇشقا قولايلىق يارىتىش، ئۆزئارا تەمىنلىگەن تاۋار تىزىملىكىگە ئاساسەن، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئاساسلىق باشقۇرۇش ئورگانلىرى سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، تىزىملىككە يېزىلغان مەھسۇلاتلارنىڭ ئۆلچىمىنى ماسلاشتۇرۇپ خاتىرە قالدۇرۇشى كېرەك. بۇ خاتىرە مەزكۇر بەلگىلىمىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولۇشى شەرت.

4 - ماددا ئىككى تەرەپنىڭ تاشقى ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرگە قاتناشقۇچىلىرى مەزكۇر بەلگىلىمىدىكى تاۋار تىزىملىكىگە ئاساسەن تاۋار ئېكسپورت قىلغاندا، تاۋار

سۈپىتى، ئۆمۈر بىخەتەرلىكى، ساغلاملىق، ئاھالىلارنىڭ مال - مۈلكى، مۇھىت ئاسراش ۋە ئىككى تەرەپ سودا كېلىشىمىدە بەلگىلەنگەن باشقا ئۆلچەملىك جەھەتلەردە تەمىنلىگەن تاۋار ۋە ئۆلچەملىك تەلەپلەرگە ياكى ئىككى دۆلەتنىڭ ئاساسلىق باشقۇرغۇچى ئورگانلىرى ئېتىراپ قىلغان باشقا ھۆججەتلەرنىڭ تەلەپلىرىگە ماس كېلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئىككى تەرەپنىڭ سودا كېلىشىمىدە تەمىنلىگەن تاۋارلار چوقۇم تاۋار تەكشۈرۈش شەرتلىرىنى قوبۇل قىلىشى يەنى ئىككى دۆلەتنىڭ ئاساسلىق باشقۇرۇش ئورگانلىرى ئېتىراپ قىلغان تاۋار گۇۋاھنامىسى ۋە تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچى ئورۇن گۇۋاھنامىسى بولۇشى لازىم.

مەزكۇر بەلگىلىمە قازاق تىلى، خەنزۇ تىلى ۋە رۇس تىلىدا ئىپادىلىنىشى، ئەسلى نۇسخىسى توغرا تەرجىمە قىلىنىشى كېرەك. ئەكسىچە بولغاندا بارلىق مەسئۇلىيەتنى تاۋار ئېكسپورت قىلغان دۆلەت ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ.

5 - ماددا ئىككى تەرەپنىڭ تاشقى ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرگە قاتناشقۇچىلىرى مەزكۇر بەلگىلىمىدىكى تاۋار تىزىملىكىگە ئاساسەن تاۋار ئېكسپورت قىلغاندا، چوقۇم ئىككى تەرەپنىڭ سودا كېلىشىمىدە بەلگىلىگەن ئۆلچەملىك ھۆججەتكە ماس كېلىدىغان تاۋار گۇۋاھنامىسى بولۇشى كېرەك.

6 - ماددا تاۋار ئېكسپورت قىلغۇچى دۆلەتنىڭ ئاساسلىق باشقۇرغۇچى ئورگانلىرى تاۋار تىزىملىكىدىكى تاۋارلارنىڭ ئېكسپورت قىلىنىشىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى نازارەت قىلىشى، ئەگەر تاۋار ئۆلچەمگە ماس كەلمىسە ئېكسپورت قىلىشنى مەنئىي قىلىشى لازىم.

تاۋار ئىمپورت قىلغۇچى دۆلەتلەرنىڭ ئاساسلىق باشقۇرۇش ئورگانلىرى تاۋار تىزىملىكىدىكى ئىمپورت قىلىنىدىغان تاۋارلارنى تەكشۈرۈش ھوقۇقىغا ئىگە، ئەگەر ئىمپورت قىلىنىدىغان تاۋار تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىسا، دەرھال تاۋار ئېكسپورت قىلغۇچى تەرەپنىڭ ئاساسلىق باشقۇرۇش ئورگىنىغا مەلۇم قىلىش، ئەگەر تاۋار تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە پىكىر بىرلىككە كەلمىسە، ئىككى تەرەپنىڭ ئاساسلىق باشقۇرۇش ئورگانلىرى كېڭىشىش ئارقىلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشى كېرەك.

7 - ماددا ئىككى دۆلەتنىڭ ئاساسلىق باشقۇرغۇچى ئورگانلىرى خەلقئارا ئۆلچەملەشتۈرۈش تەشكىلى ۋە خەلقئارا ئېلېكتر سانائەت كومىتېتىنىڭ 25 - ھەم 58 - نومۇرلۇق پىكرى ۋە ئىككى تەرەپ بەلگىلىگەن تەرتىپكە ئاساسەن، تاۋار تەكشۈرۈش ئورگانلىرى، تەجرىبىخانە، ئۆلچەش ئورۇنلىرى ۋە تەكشۈرۈش ئورۇنلىرىنى ئۆزئارا ئېتىراپ قىلىشى، يۇقىرىدىكى ئورۇنلارنىڭ نەتىجىلىرىنى ۋە ئىككى تەرەپنىڭ ئاساسلىق باشقۇرۇش ئورگانلىرى ئېتىراپ قىلغان تاۋار تەكشۈرۈش ئورگانلىرى تارقاتقان تاۋار گۇۋاھنامىسىنى ئۆزئارا ئېتىراپ قىلىشى كېرەك.

8 - ماددا ئەگەر ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلىرى سۈپەت

تۈزۈلمىسىنى مۇقەررەر تەكشۈرگەندە، ئىككى تەرەپنىڭ ئاساسلىق باشقۇرۇش ئورگانلىرى خەلقئارا ئۆلچەم ياكى ئىككى تەرەپ بىردەك قوشۇلغان ئۆلچەم بويىچە ئۆزئارا تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈشنىڭ كونكرېت ئۇسۇللىرىنى ئىككى دۆلەتنىڭ ئاساسلىق باشقۇرغۇچى ئورگانلىرى كېلىشىم ئارقىلىق بەلگىلەش شەرت.

9 - ماددا مەزكۇر كېلىشىمنىڭ ئوڭۇشلۇق ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئىككى تەرەپنىڭ ئاساسلىق باشقۇرۇش ئورگانلىرى پەن - تېخنىكىلىق هەمكارلىشىشى ۋە ئۇچۇر ئالماشتۇرۇشى كېرەك. ئىختىلاپ كۆرۈلسە ئۆز ۋاقتىدا سۆهبەت ئارقىلىق هەل قىلىشى لازىم.

10 - ماددا مەزكۇر كېلىشىمنىڭ مەزمۇنى كېلىشىم تۈزگەن ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق كېڭىشىشىگە ئاساسەن ئۆزگەرتىلسە ياكى تولۇقلانسا بولىدۇ.

11 - ماددا ئىككى تەرەپ مەزكۇر كېلىشىم كۈچكە ئىگە بولۇشتا زۆرۈر بولغان، دۆلەت ئىچىدىكى رەسمىيەتلەرنى بېجىرىپ بولۇشقا مۇناسىۋەتلىك ئۇقتۇرۇشنى ئۆزئارا ئالماشتۇرغاندىن كېيىن، بۇ كېلىشىم ئىناۋەتلىك بولىدۇ.

مەزكۇر كېلىشىمنىڭ كۈچكە ئىگە ۋاقتى بەش يىل. ئەگەر ئىناۋەتلىك ۋاقتى توشقاندىن كېيىنكى ئالتە ئاي ئىچىدە، هېچقانداق تەرەپ قارشى تەرەپتىن مەزكۇر كېلىشىمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرىلىق يازما ئۇقتۇرۇش تەلەپ قىلمىسا، مەزكۇر كېلىشىم ئۆزلىكىدىن يەنە بەش يىل ئىناۋەتلىك قىلىپ ئۇزارتىلغان بولىدۇ.

بۇ كېلىشىم 1996 - يىلى 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئالمۇتا شەهىرىدە ئىمزالاندى، ئىككى نۇسخا قىلىپ كۆپەيتىلدى، ئايرىم - ئايرىم هالدا قازاق، خەنزۇ ۋە رۇس يېزىقلىرىدا يېزىلدى. هەممىسى ئوخشاش كۈچكە ئىگە.

**قازاقستان جۇمهۇرىيىتى هۆكۈمىتىنىڭ 1165 - نومۇرلۇق بۇيرۇقى:**

قازاقستان بىلەن جۇڭگو ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋارلارنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋارلارنى ئۆزئارا تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى هۆكۈمەتلەر ئارا هەمكارلىشىش كېلىشىمى ئىمزالاندى.

قازاقستان جۇمهۇرىيىتى هۆكۈمىتى:

1. 1996 - يىل 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئالمۇتا شەهىرىدە ئىمزالانغان قازاقستان بىلەن جۇڭگو ئېكسپورت - ئىمپورت قىلىنىدىغان تاۋارلارنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋارلارنى ئىكزئارا تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى هۆكۈمەتلەر ئارا هەمكارلىشىش كېلىشىمىنى تەستىقلاشتى.

2. قازاقستان جۇمهۇرىيىتى هۆكۈمىتىنىڭ بۇ قارارىنى قازاقستاننىڭ تاشقى ئالاقە مىنىستىرلىكى بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە جۇڭگو تەرەپكە ئۇقتۇرۇشنى قارار قىلدى. (01)

# ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى زۇڭتۇڭىنىڭ تاشقى پېرېۋوت ۋە نەق پۇلنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ئوبوروت تەرتىپىنى ياخشىلاش توغرىسىدىكى بۇيرۇقى

ئۆزبېكىستاندا تاشقى پېرېۋوتنى بەلگىلەش بانكا تورى ئاللىقاچان قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ تور تاشقى پېرېۋوتنى ئەركىن ئالماشتۇرۇشتىكى ھەر خىل ھېسابات ۋە مۇلازىمەت كەسپلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، چەت ئەل ۋە ئۆز دۆلىتىدىكى ۋەكالەتچى ھەم تەبىئىي شەخسلەرنىڭ تاشقى پېرېۋوت مەبلىغىنى ئۆزبېكىستانغا ئېلىپ كىرىشىگە قولايلىق يارىتىدۇ.

ئەمەلىيەت، دۆلەت ئىچىدە تاشقى پېرېۋوتنى باشقۇرۇش قانۇنىغا خىلاپ ئەھۋاللارنىڭ ئېغىر دەرىجىدە مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. قانۇندا، دۆلەت پۇلى سوم ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى ئىچىدە بىردىنبىر قانۇنلۇق تۆلەم ۋاستىسى ئىكەنلىكى، تاشقى پېرېۋوت ئارقىلىق ھېسابات قىلىش، تۆلەش ۋە نەق پېرېۋوت تۆلەش چەكلىنىدىغانلىقى بەلگىلەندى. تاشقى پېرېۋوتنى باشقۇرۇش تۈزۈمىگە خىلاپ بۇ خىل ھەرىكەتلەرگە نىسبەتەن جازالاش تەدبىرلىرى ھەتتا جىنايى ئىشلار جازاسىنى بېرىش چارىلىرى بەلگىلەندى.

بەزى چەت ئەل گىراژدانلىرى چوڭ سودىلارنى ئېلىپ بارغاندا، تاشقى پېرېۋوت بىلەن ھېسابات ئېلىپ بېرىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلدى. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى باشقۇرۇش تۈزۈمى بولمىغان بازارلاردا قانۇنسىز سودا ئېلىپ بېرىپ، تاپاۋەت بېجى تاپشۇرماسلىقتىن ئىبارەت. بۇ خىل ئەھۋاللار ئۆزبېكىستان پۇلىنىڭ ئىناۋىتىگە نىسبەتەن ناچار تەسىرنى ئېلىپ كېلىدۇ.

موشۇنىڭغا ئوخشاش قانۇنسىز ئەھۋاللارنىڭ پەيدا بولۇشىنى توسۇش، دۆلەتنىڭ تاشقى پېرېۋوتنى باشقۇرۇش قانۇنىغا شەرتسىز بويسۇنۇش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى بەلگىلىمە چىقىرىلدى:

1. ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىدىكى بارلىق كارخانا، مەمۇرىي ئورۇنلار، ۋەكالەتچىلەر، تەبىئىي شەخسلەر، مۇھاجىرلار ۋە غەيرىي مۇھاجىرلار چوقۇم دۆلەت بەلگىلىگەن قانۇنغا قاتتىق بويسۇنىشى، دۆلەت پۇلى سومنى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى ئىچىدىكى بىردىنبىر قانۇنلۇق تۆلەم ۋاستىسى قىلىشى شەرت. ئەگەر خىلاپلىق قىلغۇچىلار بولسا جازالىنىدۇ، ھەتتا جىنايى ئىشلار جازاسىغا تارتىلىدۇ.

2. ھەر خىل ۋەكالەتچىلەرنىڭ تاشقى پېرېۋوت نەق پۇلنى ئېلىپ كىرىشىگە ياكى ئېلىپ چىقىشىغا يول قويۇلمايدۇ، تاشقى پېرېۋوت بەلگىلەش بانكىلىرى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي بانكىسىنىڭ تەستىقىنى ئالغاندىن كېيىن، تاشقى پېرېۋوت نەق پۇلنى ئېلىپ كىرسە ياكى ئېلىپ چىقسا بولىدۇ.

3. ھەر قايسى تەبىئىي شەخسلەر، مۇھاجىرلار ۋە غەيرىي مۇھاجىرلار ئېلىپ

كىرگەن تاشقى پېرېۋوت سوممىسى 5000 ئامېرىكا دوللىرىدىن ئاشقاندا، ئېلىپ كىرگەن تاشقى پېرېۋوت سوممىسىغا 2% بويىچە باج ئېلىنىدۇ.

چەت ئەل مۇھاجىرلىرىنىڭ 500 ئامېرىكا دوللىرىلىق چەكلىمە ئىچىدە چەت ئەل پېرېۋوتىغا ئەركىن ئالماشتۇرغان نەق پۇل ئېلىپ چىقىشىغا يول قويۇلىدۇ. غەيرىي مۇھاجىرلار چېگرىدىن كىرگەندە تاموژنىنىڭ مەلۇم قىلىش سان چەكلىمىسى ئىچىدە چەت ئەل پېرېۋوت نەق پۇلىنى ئېلىپ چىقسا بولىدۇ. ئەگەر ئېلىپ چىققان نەق پېرېۋوت يۇقىرىدىكى ساندىن ئېشىپ كەتسە، دۆلەت مەركىزىي بانكىسى ياكى دۆلەت تاشقى ئىقتىساد ئىشلىرى بانكىسىنىڭ تەستىقىنى ئېلىشى كېرەك. مۇھاجىرلار ئېلىپ چىقىدىغان ئەركىن ئالماشتۇرۇلغان تاشقى پېرېۋوت نەق پۇل سانى تاموژنىغا مەلۇم قىلغان سان 2000 ئامېرىكا دوللىرىدىن يۇقىرى بولسا، چوقۇم تاموژنا ئورگانلىرىغا ئالماشتۇرۇش ئورۇنلىرىدىن سېتىپ ئالغان تاشقى پېرېۋوت ئىسپاتنامىسىنى ياكى قانۇندا بەلگىلەنگەن تاشقى پېرېۋوت ئىشلىتىش ھۆججىتىنى تاپشۇرۇشى كېرەك. مۇھاجىرلار كۆچكە ئىگە ھۆججەت يوق ئەھۋال ئاستىدا، خىلاپلىق قىلغان سانىغا 30% بويىچە جەرىمانە قويۇلىدۇ.

دۆلەتلىك باج ئىشلىرى كومىتېتى، مەركىزىي بانكا ۋە مالىيە مىنىستىرلىكى، دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى، ئەدلىيە مىنىستىرلىكى بىرلىكتە ئۈچ كۈن ئىچىدە ئىچكى كابىنېتقا مەزكۇر تۈزۈمنى ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى پىكىرنى تاپشۇرۇشنى، دىپلوماتىيە كەچۈرۈم قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە خادىملارغا چېتىلىپ قالماسلىقتا دىققەت قىلىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

4. ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى ئىچىدە ۋەكالەتچىلەر، تەبىئىي شەخسلەر، مۇھاجىرلار، غەيرىي مۇھاجىرلار ۋە چەت ئەل كاپىتالى بار كارخانىلارنىڭ تاشقى پېرېۋوت نەق پۇلى ئارقىلىق ھېسابات قىلىشى ياكى ھەر خىل شەكىلدىكى ئەمگەك مۇلازىمەت ھەققىنى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مۇئاشىنى ۋە قوشۇمچە ياردەم پۇلىنى تۆلەش قاتارلىق ھادىسىلەرنىڭ پەيدا بولۇشى مەنئىي قىلىنىدۇ.

يۇقىرىدىكى چەكىم قىلىش ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت پۇلىنى نەق بېرىش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ، دۆلەت بانكىسىنىڭ ھېساباتىغا كىرگۈزمىسىمۇ بولىدۇ.

ھەر خىل مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىدىكى كارخانا ۋە مەمۇرىي ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى مەزكۇر بەلگىلىمىنى ئىجرا قىلىشتا شەخسىي مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ، ئەگەر خىلاپلىق قىلسا، قانۇن بويىچە مەسئۇلىيىتى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

5. ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى ۋە تاشقى ئىقتىسادىي ئالاقە مىنىستىرلىكى قاتارلىق ئورۇنلار چەت ئەل ئەلچىخانىلىرى، چەت ئەل شىركەتلىرى ھەمدە خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ ئۆزبېكىستاندا تۇرۇشلۇق ئورگانلىرى بىلەن بىرلىكتە خىزمەتلەرنى

ياخشى ئىشلەپ، خىزمەتچى خادىملار ۋە مۇھاجىرلارنىڭ ھەر خىل شەكىلدىكى ئەمگەك ھەم مۇلازىمىتى ئۈچۈن ئۆزبېكىستان پۇلىنى بېرىشكە كاپالەتلىك قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇلارغا تاشقى پېرېۋوت نەق پۇلىنى ئېلىپ چىقىش ۋە ئېلىپ كىرىش تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىدۇ.

6. ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي بانكىسى ۋە تاشقى پېرېۋوتنى بەلگىلەش بانكىسى قاتارلىق بانكىلار تاشقى ئىقتىساد جەمئىيىتى، دۆلەتلىك ئاۋىئاتسىيە شىركىتى، ساياھەت جەمئىيىتى، دۆلەتلىك ئاۋىئاتسىيە شىركىتى، ساياھەت جەمئىيىتى ۋە باشقا تاشقى پېرېۋوت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئورگانلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، سۇلىياۋ راسچوت كارتىسىنى ئىشلىتىش نۇقتىلىرىنى كۆپەيتىپ قۇرۇپ، پۇل چېكى ئارقىلىق تاۋار ۋە ئەمگەك مۇلازىمىتىنى ئالماشتۇرىدۇ، شۇنداقلا باشقا نەق پۇل ئارقىلىق راسچوت قىلمايدىغان ئۇسۇلنى يولغا قويىدۇ.

7. ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى باج ئىشلىرى كومىتېتى ۋە تاموژنا باش ئىدارىسى ئىككى ھەپتە ئىچىدە ئىچكى كابىنىتقا تۆمۈر يول، تاشيول، ئاۋىئاتسىيە ھەم سۇ ترانسپورتىدىكى ھەر قايسى سودا ئېغىزلىرىدا تاموژنا نۇقتىلىرىنى كۆپەيتىپ قۇرۇش توغرىسىدىكى پىكرىنى تاپشۇرىدۇ.

8. ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى ئەدلىيە مىنىستىرلىكى، مۇناسىۋەتلىك كومىتېتلار ۋە فونكىتسىيە تارماقلىرى بىلەن بىرگە بىر ئاي ئىچىدە مەزكۇر بۇيرۇقتىكى ماددىلارغا ئاساسەن بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە قانۇننى ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى پىكرىنى تاپشۇرىدۇ.

9. ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى خامىتوۋ، مەركىزىي بانكىنىڭ باشلىقى مۇراجانوۋ ۋە دىپلوماتىيە مىنىستىرى كومىلوۋ قاتارلىقلار مەزكۇر بۇيرۇقنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ.

ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭى:
ئى. كېرىموۋ
تاشكەنت شەھىرى (01)

## خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتى روسىيىنىڭ ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىدىن ئۈمىدۋار بولماقتا

خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتىنىڭ مۆلچەرلىشىچە، 1997 ـ يىلى روسىيىنىڭ ئىقتىسادىدا ئەمەلىي ئۆسۈش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 3% ئاشىدىكەن، ئەكسىچە 1996 ـ يىلى بولسا ئالدىنقى يىلغا قارىغاندا 2.8% ئازايغان. 1997 ـ يىلى ئىستېمال باھاسىنىڭ ئۆرلىشى 14% ئىچىدە كونترول قىلىنىدىكەن، ئەكسىچە 1996 ـ يىلى بولسا 48% كە يەتكەن. بازارغا ئۆتۈش جەريانىدا روسىيە ئۆزى بىلەن ئوخشاش خىلدىكى دۆلەتلەر ئارىسىدا بىرىنچى ئورۇندا بولۇپ، ئىقتىسادىي ئۆتكۈنچى دەۋردىكى بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى بىلەن بىر قاتاردا تۇرماقتا. (03)

# ئۆزبېكىستان ژۇمھۇرىيىتى دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى قوللاش چارىلىرى توغرىسىدىكى بۇيرۇقى

ئۆزبېكىستاننىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ماددىي ئاساسى ۋە مالىيە ئەھۋالىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقارغۇچىلارنى رىغبەتلەندۈرىدىغان ھەمدە ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان يېزا ئىگىلىك سىياسىتى جەھەتتە بىرىنچى ئورۇنغا قويۇلغان ۋەزىپىلەر:

1. مال - مۈلۈك پېيىنى يولغا قويۇش ئاساسىدا يېزا ئىگىلىك كارخانىلىرىنى ئۆزگەرتىپ، كارخانا ئورۇنلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ھەمدە ئۇنىڭ ئەمگىكىگە تۈرتكە بولۇش، ئاساسىي مۇئەسسەسەلەرنى بەرپا قىلىش، تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش، ئەڭ ئاخىرىدا يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش — يېزا ئىگىلىك ئىسلاھاتىنىڭ بىرىنچى ئورۇنغا قويۇلغان ۋەزىپىسىدۇر.

2. يېزا ئىگىلىك كارخانىلىرىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن خىزمىتىنى تاماملايدىغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش زاۋۇتى ئۈچ يىل ئىچىدە قوشۇلما قىممەت بېجىنى تاپشۇرمايدۇ.

قوشۇلما قىممەت بېجىنى كەچۈرۈم قىلىشتىن ئىبارەت بۇ خىل ئېتىباردىن ئېرىشىلگەن مەبلەغ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش زاۋۇتىنىڭ دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ تەلىپى بويىچە چوڭ ئېتىز ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغاندا، بىرلىك باھاسى ۋە ھەق ئېلىش ئۆلچىمىنى تۆۋەنلىتىشى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

3. دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقارغۇچىلار تەمىنلىگەن يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا ئېھتىياجلىق بولغان مىنېرال ئوغۇت ۋە سىلىقلاش سۇيۇقلۇقىدىن قوشۇلما قىممەت بېجى ئېلىنمايدۇ.

ئۆزبېكىستان مالىيە مىنىستىرلىكى، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى، «ئۆزبېكىستان مېۋە، كۆكتات، ھاراق كەسپى» بىرلەشمىسى، «ئۆزبېكىستان خىمىيە سانائىتى» بىرلەشمىسى، «ئۆزبېكىستان نېفىت، تەبىئىي گاز» پەن - تېخنىكا كومىتېتى ۋە «ئۆزبېكىستان يېزا ئىگىلىك مۇلازىمىتى» جەمئىيىتى بىلەن بىرلىكتە بىر ئايلىق مۇددەت ئىچىدە يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئېتىبار بېرىش شەرتلىرىنى يۈرگۈزۈش چارىلىرىنى ۋە قائىدىلىرىنى تەتقىق قىلىپ تۈزۈپ چىقىشى ھەمدە ئىچكى كابىنېتنىڭ تەستىقلىشىغا يوللىشى كېرەك.

4. مالىيە مىنىستىرلىكى ئۇقتىلىق سېلىنغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش زاۋۇتلىرىنىڭ زامانىۋىي يېزا ئىگىلىك تېخنىكا ئەسلىھەلىرىنى سېتىۋېلىشى ۋە يېڭىلىشىغا ئېھتىياجلىق بولغان ئوبوروت مەبلىغىنى ئاجرىتىپ بېرىشى كېرەك.

ئۆزبېكىستان يېزا ئىگىلىك

ماشىنىلىرىنى تەمىنلەش ۋە رېمونت قىلىش ئورنى، ئۆزبېكىستان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى پاي چېكىنى كونترول قىلىش شىركىتى ۋە يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى ئىشلەپچىقىرىشنى تەشكىللەش ۋە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئېھتىياجلىق بولغان يېزا ئىگىلىك تېخنىكا ئۈسكۈنىلىرى ھەم ئۇنىڭ دېتاللىرى بىلەن تەمىنلەش ئېنىق بەلگىلەنگەن. 1996 ـ 1997 ـ يىللىق توختامنى تۈزۈشى، شۇنداقلا زۆرۈر بولغان مالىيە مەبلىغى ۋە ماددىي كاپالەت بىلەن مال زاكاز قىلىش توختىمىنى تاماملىشى كېرەك.

5. بانكا توختىمىغا ئاساسەن، زىيان تارتقان كارخانىلارنىڭ ھېسابلاشقا تېگىشلىك ئۆسۈمىنى بىكار قىلىش كېرەك.

6. تۆۋەن ئۆسۈملۈك قەرز ئالغان يېزا ئىگىلىك كارخانىلىرىنىڭ قەرز مۇددىتى 2000 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە ئۇزارتىلىپ، ھېسابلاشقا تېگىشلىك ئۆسۈمىنى شۇ كۈندىن بۇرۇن تاپشۇرۇشقا بولىدۇ.

7. تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردا قەرز مۇددىتىنى ئۇزارتىپ ئۆسۈمىنى تاپشۇرۇشقا بولىدۇ:

بانكىدىن پۇل قەرز ئالغان، زىيان تارتقان ۋە ئالغان پايدىسى ئاز بولغان يېزا ئىگىلىك كارخانىلىرىنىڭ قەرز مۇددىتى 2000 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە ئۇزارتىلىپ، مۇددەتتىن ئېشىپ كەتكەن قەرز پۇل شۇ كۈندىن بۇرۇن تاپشۇرۇلسا بولىدۇ ھەمدە ئۆسۈمىنى قوشۇپ ھېسابلاشنى ۋاقتىنچە توختىتىشقا بولىدۇ؛

«مېۋە، كوكتات، ھاراق كەسپى» بىرلەشمىسىگە ئاجرىتىپ بېرىلگەن، پولشادىن ياڭيو سېتىۋېلىشقا ئىشلىتىلىدىغان قەرز پۇلنىڭ مۇددىتىنى 1997 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە ئۇزارتىشقا بولىدۇ.

8. تۆۋەندىكى تۈرلەرنى مەخسۇس قەرز پۇل بىلەن تەمىنلەش كېرەك:

«ئۆزبېكىستان پاختىسىنى سېتىش» دۆلەت ھەسسىدارلىق شىركىتى، «ئۆزبېكىستان مېۋە، كۆكتات، ھاراق كەسپى» بىرلەشمىسى ۋە «ئۆزبېكىستان يېمەكلىك» دۆلەت مەمۇرىي كومبىناتىنىڭ 1996 ـ يىللىق ھوسۇل ۋە ھېساباتتا تۆلەپ قويۇشى ئۈچۈن تاپشۇرۇلغان مەھسۇلاتلار ئۈچۈن مەخسۇس قەرز پۇل بېرىلىدۇ.

«ئۆزبېكىستان مېۋە، كۆكتات، ھاراق كەسپى» بىرلەشمىسىنىڭ ئېھتىياجلىق زىرائەت ـ ياڭيۇنى سېتىۋېلىشى ئۈچۈن مەخسۇس قەرز پۇل بېرىلىدۇ.

ئائىلە پىلە غوزىسىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇملۇق، يېرىم قۇملۇق چارۋىچىلىق مەيدانلىرىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان كاكائو تىپىدىكى زىرائەتلەرنى ئىشلەپچىقىرىشتا مەبلەغ تۆلەپ قويۇش ئۈچۈن مەخسۇس قەرز بېرىلىدۇ.

9. يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئېتىبار بېرىش شەرتلىرى ئاستىدا ئېرىشىلگەن ئېتىبار بېرىش مەبلىغى ئاساسلىقى يېزا ئىگىلىك تېخنىكا ئۈسكۈنىلىرىنى ۋە مىنېرال ئوغۇت قاتارلىقلارنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن مەخسۇس ئىشلىتىلىشى كېرەك.

10. ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ

مۇئاۋىن زۇڭلىسى مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى ۋە «ئۆزبېكىستان يېزا ئىگىلىك خىمىيىۋى مۇلازىمەت» بىرلەشمىسى ئاساسىدا دۆلەت يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقارغۇچىلار مۇلازىمەت پاي شىركىتىنىڭ «ئۆزبېكىستان خىمىيە سانائەت» بىرلەشمىسىنى قۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك تەكلىپ لايىھىسىنى تاپشۇرۇشى كېرەك.

11. ئۆزبېكىستان يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى، يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى، ئۆزبېكىستان گېئولوگىيە كومىتېتى ئۆزبېكىستان دۆلەت مۆلچەر ستاتىستىكا كومىتېتى ۋە ئۆزبېكىستان مالىيە مىنىستىرلىكى بىلەن بىرلىكتە 1996 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن بۇرۇن ئىشلەپچىقىرىش دەرىجىسىنى ئېنىق بەلگىلەش ۋە شۇنىڭغا ئاساسەن تۇپراق بېجىدىن ئاجرىتىپ بېرىلىدىغان باج نىسبىتىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ئاساسىدا دېھقانچىلىق رايونىنى بەلگىلىشى كېرەك.

12. ئۆزبېكىستان ئىچكى كابىنېتى، مالىيە مىنىستىرلىكى، مەركىزىي بانكا، پەنلەر ئاكادېمىيىسى، يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى، قارا قالپاق ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى ۋە ھەر قايسى ئوبلاست كومىتېتلىرى بارلىق مۇناسىۋەتلىك ئورۇن ۋە ئورگانلار بىلەن بىرلىكتە 1996 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن بۇرۇن 2000 ـ يىلىغا قەدەر يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئۇنىۋېرسال پىلانىنى تەتقىق قىلىپ تۈزۈپ چىقىشى، ھەمدە ئۇنىڭ ئىچىدىن تۆۋەندىكى ھەممىدىن ئاۋۋال تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان تۈرلەرنى ئايرىپ چىقىشى كېرەك:

ـ مەھسۇلات مىقدارىنى ئاشۇرۇشقا تايىنىپ ئاشلىق، چىگىتلىك پاختا ۋە يەم ـ خەشەككە ئىشلىتىلىدىغان زىرائەتلەرنى ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىش؛

ـ زامانىۋى ئۇسۇل ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىشقا تۈرتكە بولىدىغان ئەمگەككە تەشكىللەشنى يولغا قويۇپ، يېزا رايونلىرىدا بازارنىڭ ئاساسىي سىستېمى- سىنى بەرپا قىلىش؛

ـ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئەسۋاب ـ ئۈسكۈنىلىرى، مىنېرال ئوغۇت ۋە خىمىيىلىك قوغداش ۋاستىسى ئارقىلىق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا كاپالەتلىك قىلىش.

13. ئۆزبېكىستان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پاي چېكىنى كونترول قىلىش شىركىتى، ئۆزبېكىستان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى تەمىنلەش ۋە رېمونت قىلىش ئورنى، ئۆزبېكىستان يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ۋە باشقا ھەر قايسى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ۋە ئورگانلار بىلەن بىرلىكتە ئىككى ئايلىق مۇددەت ئىچىدە تۆۋەندىكى تۈرلەرنىڭ 2000 ـ يىلغا قەدەر تەرەققىيات پىلانىنى تەتقىق قىلىپ تۈزۈپ چىقىشى ھەمدە ئىچكى كابىنېتىنىڭ تەستىقلىشىغا يوللىشى كېرەك:

ـ جۇمھۇرىيەت تەۋەلىكىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ۋە ئۇنىڭ دېتاللىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنى تەشكىللەپ، ماشىنىلاشتۇرۇشنى يولغا قويۇش؛

ـ چەت ئەل مەبلىغىنى جەلپ

قىلالايدىغان شىرىكلەشكەن كارخانىلارنى قۇرۇش؛

ـ بارلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئۈچۈن رېمونت مۇلازىمەت نۇقتىسى ۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ھەم ئۇنىڭ ئەسۋاب ـ ئۈسكۈنىلىرىنىڭ مۇلازىمەت ئورنى قاتارلىقلارنى قۇرۇش.

14. ئۆزبېكىستان يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى، ئۆزبېكىستان يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەمگەك مىنىستىرلىكى، دۆلەت مۈلچەر ـ ستاتىستىكا كومىتېتى، مالىيە مىنىستىرلىكى ۋە باشقا ھەر قايسى ئورۇن ۋە ئورگانلار بىلەن بىرلىكتە 1996 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن بۇرۇن ھەر بىر گېكتار يەر توغرا كېلىدىغان دېھقانلارنىڭ ئادەم سانى ئۆلچىمى ۋە جۇمھۇرىيەتنىڭ رايون ئايرىمىسىدىكى ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ خام ئەشيا سەرپىيات ئۆلچىمىنى تەتقىق قىلىپ بەلگىلەپ چىقىشى، ھەمدە ئىچكى كابىنېتنىڭ تەستىقلىشىغا يوللىشى كېرەك.

15. ئەدلىيە مىنىستىرلىكى 10 كۈن ئىچىدە ئىچكى كابىنېتقا بۇ بۇيرۇققا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى ھازىر يۈرگۈزۈۋاتقان قانۇنغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ۋە ئۇنى تولۇقلاش توغرىسىدىكى تەكلىپنى سۇنۇشى كېرەك.

16. ئۆزبېكىستان ئىچكى كابىنېتى بىر ھەپتە ئىچىدە بۇ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىش قارارىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك.

ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى زۇڭتۇڭى:
ئى. كېرىموۋ
تاشكەنت شەھىرى
1996-يىلى4-ئاينىڭ 3-كۈنى (03)

## ھىندىستان ستانوكنىڭ ئىمپورت بېجىنى تۆۋەنلەتتى

ھىندىستان ستانوك بىرلەشمىسىدىكى ئەربابلارنىڭ ئاشكارىلىشىچە، ھىندىستان 1998 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ستانوكنىڭ ئىمپورت بېجىنى تۆۋەنلىتىپ، ھازىرقى 22% تىن 5% كە چۈشۈرىدىكەن.

ھىندىستان ھۆكۈمىتى ئۆز دۆلىتىنىڭ سانائەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئۇدا بىر نەچچە يىل ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئىمپورت بېجىنى تۆۋەنلىتىش سىياسىتىنى يولغا قويغان ئىدى، شۇنىڭدەك ھىندىستان ستانوك ئىمورت بېجى ئىلگىرىكى 50% تىن يۇقىرى بولۇشتىن ھازىرقى 22% كە چۈشۈپ قالغان ئىدى. ھىندىستاننىڭ ستانوك بېجىنىڭ يىلدىن ـ يىلغا تۆۋەنلىشىنىڭ تۈرتكىسى سەۋەبىدىن، ھىندىستاننىڭ ستانوك بازىرىدا ھەر يىلى ئىككى خانىلىق سان بىلەن ئېشىش بولۇۋاتىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ ستانوك بازىرىنى ئېچىش ناھايىتى زور يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە. (03)

# تۈركمەنستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قوشۇلما قىممەت بېجى قانۇنى

## 1 ـ باب ئومۇمىي پرىنسىپ

قوشۇلما قىممەت بېجى بولسا تاۋار (ئەمگەك مۇلازىمىتى) ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھەر قايسى باسقۇچلىرىدا شەكىللەنگەن بىر قىسىم ئاشقان قىممەتنى دۆلەت خامچوتىغا كىرگۈزۈشنىڭ بىر خىل شەكلىدۇر.

قوشۇلما قىممەت بېجى تۈركمەنستان پۇلى بىلەن تۆلىنىدۇ.

## 2 ـ باب باج تاپشۇرغۇچى

قوشۇلما قىممەت بېجىنى تاپشۇرغۇچىلار تۆۋەندىكىلەرنى كۆرستىدۇ:

قانۇنىي ئىگە، ئۇ ئىشلەپچىقىرىش ياكى باشقا سودا پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان چەت ئەل مەبلەغ سالغان كارخانىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛

تۈركمەنستان دۆلەت تەۋەلىكىدىكى تاۋار (ئەمگەك مۇلازىمىتى) تىجارىتى بىلەن مۇستەقىل شۇغۇللىنىدىغان چەت ئەل قانۇنىي ئىگىلىرىنىڭ تارماق ئورگانلىرى، شۆبە ئورۇنلىرى، ۋەكالەت ئورنى ۋە كارخانىلىرىنىڭ باشقا مۇستەقىل ئورۇنلىرى؛

تۈركمەنستاندا ئىشلەپچىقىرىش ھەم باشقا سودا پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خەلقئارا شىركەت ۋە چەت ئەل قانۇنىي ئىگىلىرى؛

تىجارەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تاۋار (ئەمگەك مۇلازىمىتى) نى سېتىش كىرىمى يىللىق ئوتتۇرىچە ئەڭ تۆۋەن مۇئاشنىڭ 10 ھەسسىسىدىن ئېشىپ كەتكەن قانۇنىي ئىگە سالاھىيىتىگە ئىگە بولمىغان خادىملار.

2. يۇقىرىقى ماددىدا كۆرسىتىلگەن كارخانا ۋە تەشكىلاتلار تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «كارخانا» دەپ ئېلىنىدۇ.

## 3ـباب باج ئېلىش ئوبيېكتى

باج ئېلىش ئوبيېكتى بولسا تۈركمەنستان تەۋەلىكىدە تاۋار (ئەمگەك مۇلازىمىتى) نى سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئوبوروت پائالىيەتلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئېكسپورت سودىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

باج ئېلىش ئوبيېكتى كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

ئۆزى ئىشلەپچىقارغان ھەم باشقا جايدىن ئېرىشكەن ھەر خىل تاۋار (ئەمگەك مۇلازىمىتى) نى سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئوبوروت پائالىيەتلىرى؛

كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۆزى ئىستېمال جەھەتتە ئېھتىياجلىق بولغان تاۋار (ئەمگەك مۇلازىمىتى) نى سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئوبوروت پائالىيەتلىرى، ئۇنىڭ خىراجىتى ئىشلەپچىقىرىش ئوبوروت خىراجىتىدىن ئاجرىتىلمىغان، ئۆز خىزمەتچى خادىملىرى تەرىپىدىنمۇ چىقىرىلمىغان؛

پۇل تۆلىمەستىن باشقا تاۋار (ئەمگەك مۇلازىمىتى) نى ئالماشتۇرۇش شەكلىدە تاۋار (ئەمگەك مۇلازىمىتى) نى سېتىش

بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئوبوروت پائالىيەتلىرى؛

تاۋار (ئەمگەك مۇلازىمىتى) نى ھەقسىز ياكى بىر قىسىم ھەقنى قوبۇل قىلغان ھالدا باشقا قانۇنىي ئىگە ياكى تەبىئىي شەخسلەرگە ئۆتۈنۈپ بېرىدىغان ئوبوروت پائالىيەتلىرى؛

رەڭگە قويۇلغان نەرسىلەرنى سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئوبوروت پائالىيەتلىرى، ئۇ رەڭگە قويۇشقا كېپىللىك قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلالماستىن، رەڭگە قويۇلغان نەرسىلەرنى رەڭگە قويۇشقا ھوقۇقلۇق شەخسلەرگە تاپشۇرۇپ بېرىش پائالىيەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 4. باب باج ئوبوروت مىقدارىنىڭ بەلگىلىنىشى

باج ئوبوروت مىقدارى تاۋار (ئەمگەك مۇلازىمىتى) نىڭ سېتىلىش قىممىتى ئاساسىدا، قوللىنىلغان باھا ۋە توشۇش ھەققىنى ھېسابقا ئالمىغان، ئۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان قوشۇلما قىممەت بېجىغا ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ.

پارچە سېتىش كارخانىلىرى، تەمىنات-سودا كارخانىلىرى ھەم باشقا تەشكىلاتلار ئىمپورت قىلىپ ساتىدىغان تاۋار (ئەمگەك مۇلازىمىتى) نىڭ باج ئوبوروت مىقدارى ئۇنىڭ سېتىلىش باھاسىغا ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ.

ئەگەر كارخانىلار مالىيە جەھەتتىن ياردەمگە، خەير-ساخاۋەت ئورۇنلىرىنىڭ ئىئانىسىگە ۋە باشقا ھەر خىل ئوخشىمىغان شەكىلدىكى قەرز پۇل (بانكىنىڭ قەرز پۇلىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) غا ئېرىشسە، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ تاپشۇرۇپ ئېلىش ۋە قايتۇرۇش مۇددىتى قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر ئۇنىڭ سوممىسى باج ئوبوروت مىقدارى قىلىپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىستېمال بېجى ئېلىنىدىغان تاۋار (ئەمگەك مۇلازىمىتى) نىڭ قوشۇلما قىممەت بېجى باج ئوبوروت مىقدارىنى ھېسابلىغاندا، ئىستېمال بېجى مىقدارىمۇ ھېسابقا ئېلىنىشى كېرەك.

تاۋار (ئەمگەك مۇلازىمىتى) نى ئالماشتۇرغاندا شۇنداقلا مالغا مال ئالماشتۇرۇش سودىسى ۋە باشقا ماددىي بويۇملارنى ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىدا (ئىمپورت - ئېكسپورت جەھەتتە) باج ئوبوروت مىقدارى تۈركمەنستان كابىنېتى بەلگىلىگەن چارىلەرگە ئاساسەن بېكىتىلىدۇ.

ھەقسىز ياكى بىر قىسىم ھەقنى قوبۇل قىلغان ئەھۋال ئاستىدا، تۇراقلىق مۈلۈك ۋە تاۋار (ئەمگەك مۇلازىمىتى) نى ئۆتۈنۈپ بەرگەندە، باج ئوبوروت مىقدارى تۈركمەنستان كابىنېتى بەلگىلىگەن چارىلەرگە ئاساسەن بېكىتىلىدۇ.

كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۆزلىرى ئىشلەپچىقارغان تاۋار (ئەمگەك مۇلازىمى-تى) ئىشلىتىلسە، ھەمدە ئۇنىڭ خىراجىتى ئىشلەپچىقىرىش ئوبوروت خىراجىتىگە كىرگۈزۈلمىسە، ئۇ ھالدائوخشاش تۈردىكى تاۋار (ئەمگەك مۇلازىمىتى) نىڭ قىممىتى باج ئوبوروت مىقدارىنى بەلگىلەشتىكى ئاساس قىلىنىدۇ.

خام ماتېرىيال ئەكىلىپ پىششىقلاپ ئىشلىگەندە، باج ئوبوروت مىقدارى پىششىقلاپ ئىشلەش ھەققىگە ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ.

قايتۇرۇش زۆرۈر بولغان قاپ ـ قاچىنىڭ قىممىتى باج ئوبوروت مىقدارىغا كىرگۈزۈلمەيدۇ، ئەمما ئىشلەپچىقارغان كارخانىلارنىڭ قاپ ـ قاچىلارنى سېتىش پائالىيەتلىرى بۇنىڭ سىرتىدا.

2. قۇرۇلۇش كارخانىلىرى، قۇرۇلۇش ـ قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرى ۋە رېمونت قىلىش كارخانىلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، باج ئوبوروت مىقدارى خېرىدارلار تاپشۇرغان قۇرۇلۇش مۇلازىمەت ھەققىنىڭ ئومۇمىي سوممىسىدىن ئىبارەت.

3. كارخانىلار ۋاستىچىلىق مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللانغاندا تاپشۇرۇپ ئالغان ھەقنىڭ ئومۇمىي سوممىسى باج ئوبوروت مىقدارى قىلىپ ھېسابلىنىدۇ.

## 5ـباب باج كەچۈرۈم قىلىنغان تاۋار (ئەمگەك مۇلازىمىتى) نىڭ تىزىملىكى

قوشۇلما قىممەت بېجى كەچۈرۈم قىلىنغان تاۋار (ئەمگەك مۇلازىمىتى) تۆۋەندىكىچە:

تۈركمەنستاندىن ئۆتۈدىغان چەت ئەل ماللىرىنىڭ ترانسپورت، قاچىلاش-چۈشۈرۈش، ئالماشتۇرۇپ قاچىلاش مۇلازىمىتى (چېگرا ھالقىيدىغان ترانسپورت)؛

چەت ئەل دىپلوماتىيە ئورگانلىرى ۋە ئۇنىڭغا تەڭداش بولغان دىپلوماتىيە ۋەكالەت ئورگانلىرىنىڭ ھۆكۈمەت تەرەپ ئىشلىتىدىغان ھەمدە بۇ ئورگانلاردىكى دىپلوماتىيە خادىملىرى، مەمۇرىي-تېخنىكا خادىملىرى، شۇنداقلا ئۇلار بىلەن بىرلىكتە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئۆزلىرى ئىشلىتىدىغان تاۋار (ئەمگەك مۇلازىمەت) لىرى؛

شەھەر ئاممىۋىي قاتنىشىنىڭ يولۇچىلار قاتنىشى مۇلازىمىتى (كىرا ماشىنىسى بۇنىڭ سىرتىدا)؛

ئاھالىلەر ئۈچۈن تەمىنلەيدىغان شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ جامائەت تۇرار جاي مۇلازىمىتى ۋە تىجارەت مۇلازىمىتى (ئۆي ھەققىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)؛

سۇغۇرتا ۋاستىچىلىرى ۋە ۋەكالەتچىلىرى ئېلىپ بارغان سۇغۇرتا ۋە سۇغۇرتىنى يۆتكەش كەسپى، ئۇ بۇ كەسىپلەرگە مۇناسىۋەتلىك مۇلازىمەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛

بىۋاستە ۋە ۋاستىلىق تارقىتىلغان قەرز پۇل؛

ئامانەت پۇل، ئېلىم-بېرىم ھېساباتى ۋە باشقا ھېسابات، تۆلەم، پۇل ئاجرىتىش، چەك ھەم باشقا قىممەتكە ئىگە ئاكسىيىگە ئالاقىدار بولغان مۇلازىمەت، ئۇ باشقۇرۇش خاراكتېرىدىكى مۇلازىمەتنى ۋە باشقا ۋاستىچىلىق مۇلازىمەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ؛

قانۇنلۇق تۆلەم ۋاستىسى سۈپىتىدىكى (ئاقچا قاتارىدا ساقلانغانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) پۇل، قەغەز پۇل ۋە بانكا بېلىتى ئوبوروتىغا ئالاقىدار كەسىپلەر؛

قىممەتكە ئىگە ئاكسىيە (پاي چېكى، زايوم پۇل چېكى، زايوم بېلىتى، قەرەللىك چەك ۋە باشقىلار) نىڭ ئوبوروتىغا ئالاقىدار بولغان كەسىپلەر، ئۇ قىممەتكە ئىگە ئاكسىيىلەرنى ياساش ۋە ساقلاش كەسىپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ، بۇنداق كەسىپلەر قوشۇلما قىممەت بېجى تاپشۇرۇشى كېرەك؛

مەخسۇس ھوقۇق بېرىلگەن ئىجرائىيە ئورگانلىرى يولغا قويغان ھەمدە دۆلەتكە بەلگىلىك ھەق تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك بولغان پائالىيەتلەر، شۇنداقلا ئادۋوكاتلار ئۇيۇشمىسى ئەزالىرى تەمىنلىگەن مۇلازىمەت، كان مەھسۇلاتلىرى ھەققى؛

بالىلارنى مەكتەپكە كىرىشتىن ئاۋۋالقى تەييارلىق سىنىپىدا ئوقۇتۇش مۇلازىمىتى، كېسەللەر ۋە ياشانغانلارغا غەمخورلۇق قىلىش مۇلازىمىتى؛

دەپنە ئىدارىسى ۋە قەبرىستانلىقنىڭ دەپنە قىلىش مۇلازىمىتى؛

بالىلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ گۇرۇپپا، تەشكىلات ۋە سەنئەت ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرىدا تەربىيىلىنىش راسخوتى، تەنتەربىيە ۋە مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرىنى ئىشلىتىش ھەققى، مائارىپ راسخوتى؛

دىنىي تەشكىلاتلار ئۇيۇشتۇرغان مۇراسىملار ۋە ئۇلار تەمىنلىگەن مۇلازىمەت؛

قارىغۇ، گاس، گاچىلار بىرلەشمىسىنىڭ ئوقۇتۇشى ۋە ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى ساتقان تاۋارلار؛

مۇسادىرە قىلىنغان ۋە ئىگىسى بولمىغان قىممەتلىك نەرسىلەر ھەم مەبلەغ سېلىنغان بويۇملارنىڭ سېتىلىشى (سېتىۋېلىنغان ۋە ۋارىسلىق ھوقۇقى بويىچە دۆلەتكە ئۆتۈنۈپ بېرىلگەن قىممەتلىك نەرسىلەرنىڭ ئوبوروت پائالىيىتى، سودا تەشكىلاتلىرىنىڭ سېتىش پائالىيەتلىرى بۇنىڭ سىرتىدا)؛

سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى تۈرلىرىگە مۇناسىۋەتلىك پاتېنت ئىجازەتنامىسى كەسپى (ۋاستىچىلىق كەسپىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)، ھەمدە ئاپتورلۇق ھوقۇقىغا ئېرىشىش پائالىيىتى؛

دۆلەت خام چوتىدىن ئاجرىتىپ بېرىشكە تايىنىپ تاماملىنىدىغان ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتى ۋە تەجرىبە ـ لايىھە خىزمىتى؛

قىممەتلىك نەرسىلەرنى تۈركمەنىستان دۆلەت خەزىنىسىگە سېتىپ بېرىش پائالىيىتى؛

تۈركمەنىستان پۇقرالىرى تەمىنلىنىدىغان ھەق ئېلىنىدىغان داۋالاش ئۇسكۇنىلىرى، تۈركمەنىستان تەۋەلىكىدە سېتىلىدىغان دورىلار، دوختۇرلۇقتا ئىشلىتىلىدىغان بويۇملار، داۋالاش تېخنىكىسى ئۇسكۇنىلىرى، مېيىپلار ئىشلىتىدىغان ئەسلىھە كەلتۈرۈش، شەكىل تۈزەش بويۇملىرى ۋە مەخسۇس قاتناش قوراللىرى؛

دۆلەت خامچوتىدىن ئاجرىتىشقا تايىنىدىغان ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا مەكتەپ، باشلانغۇچ مەكتەپ، مەكتەپكە كىرىشتىن ئاۋۋالقى تەييارلىق سىنىپ، بالىلار باغچىسى ۋە باشقا مەكتەپ، ئورگان ۋە تەشكىلاتلارنىڭ ئاشخانىلىرى ئۆزلىرى تەييارلىغان يېمەكلىكلەر؛

ئاھالىلەرگە پېنسىيە پۇلى ۋە نەپىقە تارقىتىدىغان ئورۇنلار تەمىنلىگەن مۇلازىمەت؛

روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسى، نېرۋا كېسەللەر دوختۇرخانىسى ۋە مېيىپلار بىرلەشمە تەشكىلاتى قارمىقىدىكى ئەمگەك بىلەن داۋالاش خاراكتېرىدىكى كىچىك زاۋۇتلار ئىشلەپچىقارغان ھەم ساتقان

تاۋارلار (ئەمگەك مۇلازىمىتى)؛

مېيىپلار خىزمەتچى خادىملار ئومۇمىي سانىنىڭ 50% ىدىن كۆپىنى ئىگىلىگەن كارخانا، ئورگان ۋە تەشكىلاتلار ئىشلەپچىقارغان ۋە ساتقان تاۋارلار (ئەمگەك مۇلازىمەتلىرى)؛

يېزا ئىگىلىك كارخانىلىرى ئۆزلىرى ئىشلەپچىقارغان، سېتىلىش كىرىمى مۇئاش تارقىتىشقا ئىشلىتىلىدىغان مەھسۇلاتلار، شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك خىزمەتچى خادىملىرىنىڭ يېمەكلىك قىلىپ ئىشلىتىشى ئۈچۈن تەمىنلەپ بېرىلىدىغان مەھسۇلاتلار.

## 6ـباب باج نىسبىتى

قوشۇلما قىممەت بېجىنىڭ باج نىسبىتى 20% قىلىپ بەلگىلەنگەن بولۇپ، قوشۇلما قىممەت بېجىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەڭشەلگەن باھا بويىچە تاۋار (ئەمگەك مۇلازىمىتى) لارنى ساتقاندا 16.67% لىك باج نىسبىتى قوللىنىلىدۇ.

## 7ـباب باج ھېسابلاش ئۇسۇلى

1. كارخانىلار قوشۇلما قىممەت باج نورمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان باھا ۋە خىراجەت نىسبىتى بويىچە تاۋار (ئەمگەك مۇلازىمىتى) لارنى سېتىشى كېرەك. بۇ چاغدا تاۋار (ئەمگەك مۇلازىمىتى) نى ساتقان ھېسابات ھۆججىتىنىڭ ئايرىم بىر قۇرىغا باج مىقدارىنى ئەسكەرتىپ قويۇشى كېرەك. ئاھالىلەرگە تاۋار سېتىپ بەرگەندە ۋە ئۇلارنى مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىگەندىمۇ قوشۇلما قىممەت باج نورمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان باھا ۋە خىراجەت نىسبىتىنى قوللىنىش كېرەك.

تۈركمەنىستان تەۋەلىكىدە ۋە ئۇنىڭ سىرتىدا تاۋار (ئەمگەك مۇلازىمىتى) نى ساتقاندا، دۆلەت خام چوتىغا ئاجرىتىپ بېرىشكە تېگىشلىك بولغان ئومۇمىي باج سوممىسىدىن تۈركمەنىستان تەۋەلىكىدىكى قىممەتلىك ئەرسىلەر ھەم ماتېرىياللارنى تەمىنلەيدىغان سودىگەرلەر تاپشۇرغان قوشۇلما قىممەت باج سوممىسىنى چىقىرىۋېتىش كېرەك. دۆلەت خام چوتىغا تاپشۇرۇلىدىغان قوشۇلما قىممەت باج سوممىسى سېتىۋالغۇچى تاپشۇرغان تاۋار (ئەمگەك مۇلازىمىتى) قوشۇلما قىممەت باج سوممىسى بىلەن تاۋار (ئەمگەك مۇلازىمىتى) ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئوبوروت قىلىشقا ئىشلىتىلىدىغان خام ئەشيا، يېقىلغۇ، مۇلازىمەتنىڭ قوشۇلما قىممەت باج سوممىسىنىڭ پەرقىگە ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ.

تاۋار (ئەمگەك مۇلازىمىتى) ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئوبوروت قىلىشقا ئىشلىتىلىدىغان خام ئەشيا، يېقىلغۇ، يۇرۇشلەشكەن مەھسۇلاتلارنىڭ قوشۇلما قىممەت بېجى دۆلەت خام چوتىغا تاپشۇرۇلمايدۇ.

2. دۆلەت خام چوتىغا ئاجرىتىپ بېرىشكە تېگىشلىك بولغان ئومۇمىي باج سوممىسىدىن تۆۋەندىكى باج سوممىلىرىنى چىقىرىۋېتىشكە بولمايدۇ:

تۈركمەنىستاننىڭ دۆلەت سىرتىدىكى تەمىنات سودىگەرلىرى ئۈچۈن سېتىۋېلىنغان خام ئەشيا، يېقىلغۇ، يۇرۇشلەشكەن مەھسۇلاتلار ۋە باشقا مەھسۇلاتلارنىڭ قوشۇلما قىممەت بېجى. بۇ خىلدىكى باج سوممىسى خام ئەشيا، ئەمگەك مۇلازىمىتى

قىممىتىگە كىرگۈزۈلۈپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئوبوروت خىراجىتى قىلىپ ھېسابلىنىدۇ؛

ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىلمەيدىغان تاۋار (ئەمگەك مۇلازىمىتى)، كۆچمەس مۈلۈك ۋە غەيرىي ماددىي مۈلۈك (مال-مۈلۈك ھوقۇقى ھەم باشقا ھوقۇقلار-نىڭ قىممىتى، ئىشلەپچىقىرىش پاتېنتى، ئىجازەتنامە قاتارلىقلار) ئۈچۈن تاپشۇرۇلغان قوشۇلما قىممەت بېجى. ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىلمەيدىغان تاۋار (ئەمگەك مۇلازىمىتى) نىڭ باج سوممىسى مۇناسىۋەتلىك ئاجرىتىپ بېرىلگەن پۇل ئارقىلىق تاپشۇرۇلىدۇ. كۆچمەس مۈلۈك ۋە غەيرىي ماددىي مۈلۈك سېتىۋېلىنغان مۈلۈككە قارىتا ھېسابات قىلىنىشتا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، تاپشۇرۇلغان باج سوممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، يەنە بەلگىلەنگەن ئۇسۇل بويىچە تەننەرخىنىڭ قىممىتىدىن سەرپىيات (ئامورتىزاتسىيە) مىقدارى ھېسابتىن چىقىرىۋېتىلىدۇ؛

بۇ بۇيرۇقنىڭ 5-بابىدا بەلگىلەنگەن باج كەچۈرۈم قىلىش ئىشلىرىنى بېجىرگەندە قوللىنىلىدىغان تاۋار (ئەمگەك مۇلازىمىتى) نىڭ قوشۇلما قىممەت باج سوممىسى.

## 8-باب باج تاپشۇرۇش ئۇسۇلى ۋە مۇددىتى

قوشۇلما قىممەت بېجىنىڭ باج تاپشۇرۇش ئۇسۇلى ۋە مۇددىتىنى تۈركمەنىستان دۆلەتلىك باج ئىشلىرىنى تەكشۈرۈش باش ئىدارىسى بىلەن ئىقتىسادىي مالىيە مىنىستىرلىكى كېڭىشىپ قارار قىلىدۇ.

بۇ بۇيرۇقنىڭ 2-بابىغا ئاساسەن قانۇنىي ئىگە سالاھىيىتىگە ئىگە بولمىغان، تىجارەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملار تاپشۇرغان دۆلەت خام چوتىغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن قوشۇلما قىممەت باج سوممىسى پۇقرالار كىرىمىنىڭ تاپاۋەت بېجى قىلىپ ھېسابلانمايدۇ.

كارخانىلار ھەر يىلى شۇ يىللىق خام چوتنى بېكىتكەن چاغدا بەلگىلەنگەن ئۆلچەم بويىچە، قوشۇلما قىممەت بېجىنى مۇناسىپ خام چوت باشقۇرۇش ئورگانلىرىغا تاپشۇرۇشى كېرەك. ئەكسىچە تىجارەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان شەخسلەر باج سوممىسىنى يەرلىك خام چوت باشقۇرۇش ئورگانلىرىغا تاپشۇرۇشى كېرەك.

## 9-باب باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە باج ئىشلىرى ئورگىنىنىڭ نازارىتى

باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ باج قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىش مەسئۇلىيىتى، باج ئىشلىرى ئورگىنى يۈرگۈزگەن نازارەت قىلىش چارىلىرى ۋە باج ئىشلىرى ئورگىنىدىكى خىزمەتچى خادىملار ئۈستىدىن ئەرز قىلىش قاتارلىقلاردا تۈركمەنىستاننىڭ دۆلەتلىك باج ئىشلىرى تارماقلىرىنىڭ قائىدىسىگە ئاساسەن تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ ۋە بەلگىلىنىدۇ.

(ئاخىرى 6-بەتتە)

# قازاقىستان ھۆكۈمىتى بىلەن دۆلەت بانكىسىنىڭ 1997 - يىللىق دۆلەت مالىيە ئىقتىساد سىياسىتىنىڭ ئاساسلىق يۆنىلىشىنى ۋە ئىجتىمائىي ئىقتىساد تەرەققىيات نەتىجىلىرىنى مۆلچەرلەش توغرىسىدىكى باياناتى

1996 - يىلى قازاقىستان ھۆكۈمىتى بىلەن دۆلەت بانكىسى، ئىسلاھاتنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىك پىلانىنى ۋە 1996 - يىللىق ئىقتىساد، مالىيە سىياسىتىنىڭ ئاساسىي نىشانى باياناتىدا بەلگىلەنگەن ھەر خىل ۋەزىپىلەرنى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنلاپ، باياناتتىكى مال باھاسىنىڭ ئۆسۈش سۈرئىتىنى تۆۋەنلىتىشكە مۇناسىۋەتلىك كۆرسەتكۈچنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى مۇقىملاشتۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك ۋەزىپىلەرنى تاماملىدى. كارخانا ئىسلاھاتى ۋە ئايرىم چوڭ تۈرلەرنى خۇسۇسىيلاشتۇرۇش سۈرئىتىنى تېزلەتتى. مونوپول مەخسۇس تىجارەت قىلىدىغان كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات باھاسى ھەم باج نىسبىتىنى تەكشۈرۈش، نازارەت قىلىش، شۇنداقلا كىچىك كارخانىلار ئۈچۈن رىقابەت مېخانىزمىنى يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، قازاقىستان ھۆكۈمىتى بۇنىڭغا مۇناسىپ سىياسەتلەرنى يۈرگۈزدى.

تاشقى ئىقتىسادىي سىياسەت دائىرىسىدىكى ئىسلاھاتنىڭ ئاساسىي مەقسىتى، جۇمھۇرىيەتنى خەلقئارا ئەمگەك ئىش تەقسىماتى سىستېمىسىغا ئۈنۈملۈك ھالدا كىرگۈزۈش ۋە چەت ئەللەر بىلەن ئىقتىسادىي ئاساسى بار سودا مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىشتىن ئىبارەت. قازاقىستان 1996- يىلى 6 - ئايدا دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىش ئىلتىماسىنى سۇندى.

ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تۇراقلىششى ۋە غەيرىي ئەمگەك ئورۇنلىرى خىراجىتىنىڭ ئازىيىشى بىلەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مۇئاشى ۋە پېنسىيە پۇلى بىر قەدەر كۆپەيدى.

مال باھاسىنىڭ ھەر ئايلىق ئوتتۇرىچە ئۆسۈش سۈرئىتى 1995 - يىلدىكى %4 دىن تۆۋەنلەپ 1996 - يىلى %2.1 كە چۈشتى. دۆلەت پۇلى ئاساسىي جەھەتتىن تۇراقلاشتى، شۇنىڭ بىلەن بانكىلاردىن ئېلىنىدىغان قەرزنىڭ ئۆسۈم پىرسەنتى خېلى تۆۋەنلىدى.

ئىقتىسادنىڭ تۇراقلىق ئېشىشىغا پايدىسىز ئامىل: كارخانا مالىيە تۈزۈمى ۋە ئىنتىزام سەۋىيىسى تۆۋەن، ھەقىقىي ئۈنۈملۈك باشقۇرۇش چارىلىرى يوق، نورغۇنلىغان كارخانىلاردا كارخانىچىلار يېتەرسىز. مانا بۇ ئامىللارنىڭ ھەممىسى ئىقتىسادىي پائالىيەتلەردە ئارقىغا سۈرۈلىدىغان قەرز پۇلنى كۆپەيتىۋېتىدۇ، دۆلەت خام چوتىغا كىرگۈزۈلىدىغان پۇل دۆلەت غەزىنىسىگە كىرمەيدۇ.

1996 - يىلى 9 - ئايدا قەرەلىدىن ئېشىپ كەتكەن قەرز كۆپىيىپ 139 مىليارد 800 مىليون تەڭگىگە ( %13.8 ) ، قەرەلىدىن ئېشىپ كېتىپ تاپشۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىك قەرز 72 مىليارد 900 مىليون تەڭگىگە (5.90) يەتكەن. قايتۇرۇش قەرەلى ئۈچ ئايدىن ئارتۇق ئېشىپ كەتكەن قەرز بۇ مەزگىلدە ئەمەلىيەتتە %1 ، يىغىپ ئېلىشقا تېگىشلىك قەرز %9.1 ئازايغان.

ئوتتۇرا كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتى، شەھەرلەرنى لايىھىلەپ قۇرۇش ۋە كارخانا تۈزۈلمىسىنىڭ ئىسلاھاتى جىددىي ھەل قىلىنىشنى كۈتۈپ تۇرغان گەۋدىلىك مەسىلە بولۇپ قالدى. ئوتتۇرا كىچىك شەھەرلەر، باشقۇرۇش ئورگىنى ۋە مەخسۇسلاشتۇرۇش جەھەتتە، ئىجتىمائىي تەرەققىيات سەۋىيىسى ۋە ئورگانلارغا ئايرىش، يۇرۇشلەشتۇرۇش، ياخشىلاش قاتارلىق جەھەتلەردە كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

1997 ـ يىللىق دۆلەت ئىقتىسادىي سىياسىتىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى: ئىجتىمائىي گۇرۇھلار ئارىسىدىكى كىرىم پەرقىنى ئازايتىش، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئىقتىسادنىڭ تۇراقلىق ئۆسۈش سۈرئىتىگە كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت.

قازاقىستان ھۆكۈمىتى ۋە قازاقىستان دۆلەت بانكىسى، بىرلىككە كەلگەن ئىقتىساد، مالىيە سىياسىتىنى بەلگىلەپ ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي دائىرىدە ئاكتىپ خاھىشنى مۇقىملاشتۇرۇپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئېكسپورتنى مەقسەد قىلىدىغان تارماقلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى داۋاملىق كېڭەيتىپ، ھازىرقى ئىمپورتقا تايىنىدىغان مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈردى ۋە قايتا قۇردى. ھازىر قازاقىستان يۈزلىنىۋاتقان جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ۋەزىپە: دۆلەت ئىچىدە ياخشى مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنى يارىتىشتىن ئىبارەت.

يۇقىرىدىكى ئاساسىي نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى كۈچەيتىش كېرەك.

دۆلەت ئىچىدىكى ئىجتىمائىي مۇقىملىققا كاپالەتلىك قىلىش؛

ماكرو ئىگىلىكتە مۇقىم تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش، مال باھاسىنىڭ ئۆسۈش سۈرئىتىنى داۋاملىق ئاستىلىتىش، ئىقتىسادنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى مۇقىملاشتۇرۇشقا ياردىمى بار ئەۋزەل شارائىت ۋە ھالقىلىق تارماقلارنى كۈچەيتىش ھەم مۇستەھكەملەش؛

تەڭگىنىڭ ئالماشتۇرۇلۇش نىسبىتىدە مۇقىملىقنى ساقلاش؛

باج ۋە تاموژنا تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، مەبلەغ سېلىشقا جەلپ قىلىپ قازاقىستان تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلىرىنى قوللاشتا ئىلگىرى سۈرگۈچى رولغا ئىگە مېخانىزمنى قۇرۇش؛

ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى قوللايدىغان بانكا تارماقلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش؛

كارخانىلارنى ئىسلاھ قىلىش تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ماس ئۇسۇللارنى بەلگىلەش ۋە ماس تۈزۈلمىلەرنى تۇرغۇزۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: تەشكىلىي ئورگان، ئىجتىمائىي تۈرلەرنى يەرلىك مەمۇرىي ئورگانلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش، ئىشلەپچىقىرىش، سودا ۋە باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئىقتىدارىنى يوقاتقان تارماقلار ۋەيران بولۇش؛

كارخانا، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ۋە كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنىڭ تېخنىمۇ پائال ۋە تېخنىمۇ

جانلىق تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق بولغان شارائىتلارنى يارىتىپ، رىقابەت مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈش؛

قىممەتكە ئىگە ئاكسىيە بازارلىرىنى مۇستەھكەملەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، بازار ئاساسىي قاتلام ئورگانلىرىدىكى قانۇن ـ بەلگىلىمىلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش؛

تىجارەت ئاساسىي گەۋدىلىرى ۋە ئاھالىلەرنىڭ خەۋپ ـ خەتەر سۇغۇرتىسى ھەم ئالماشتۇرۇپ قوغداش سىستېمىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش؛

مەخسۇس تىجارەت قىلىش كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات باھاسىنى تەڭشەش ۋە نازارەت قىلىش تەرتىپىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش؛

ئاھالىلار ئالاقىلىشىشىنىڭ ئىجتىمائىي قوغداش سىستېمىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش؛

چىقىم قىلىش، مالىيە تۈزۈمى ۋە دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي دائىرىدىكى ھەر خىل قانۇن ـ بەلگىلىمىلەرگە رىئايە قىلىش ۋە نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىش، قوغداش ئورۇنلىرى ھەم ئەدلىيە سىستېمىسىنىڭ خىزمەت دىنامىكىسى ۋە ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش؛

ماكرو ئىگىلىكتە ئىشقا ئاشىدىغان مۇۋاپىق كۆرسەتكۈچ: 1996 ـ يىلىغا سېلىشتۇرغاندا: دۆلەت ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى %2، سانائەت مەھسۇلاتلىرى %3، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى %3 ئاشتى؛ ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا سېلىنىدىغان مەبلەغ %10 ئاشتى؛ دۆلەت خام چوتىدىكى قىزىل رەقەم دۆلەت ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ %3.2 نى ئىگىلىدى؛ مال باھاسىنىڭ ئۆسۈش كۆرسەتكۈچى 1996 ـ يىلى 12 ـ ئايغا سېلىشتۇرغاندا %18تىن ئاشمىدى.

1997 ـ يىلى 1 ـ پەسىلدىكى مال باھاسىنىڭ ئۆرلەش دەرىجىسى 1996 ـ يىلى 12 ئايدىكىگە قارىغاندا %105.5 بولدى.

1997 ـ يىلى ئىگىلىك باشقۇرۇش ئاساسىي گەۋدىسى پىلانىدا كونترول قىلىنغان باھانىڭ ئوتتۇرىچە ئۆسۈش سۈرئىتى 1 ـ جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى.

پۇل قەرز بېرىش سىياسىتىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى: مال باھاسىنىڭ ئۆسۈشىنى ئاستىلىتىشقا ياردەم بېرىش، مۇناسىپ ھالدا ئۆسۈمىنى تۆۋەنلىتىش، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئاكتىپلىق ۋە تەشەببۇسكارلىقنى رىغبەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەت. پۇل ئالماشتۇرۇش سىياسىتىدە بىر تەرەپتىن مال باھاسىنىڭ ئۆسۈشىنى كونترول قىلىش كۆرسەتكۈچى كۆزدە تۇتۇلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئېكسپورت قىلغۇچىلارنىڭ مەنپەئەتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

توغرا نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكى مۇساپىلەرنى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ: پۇل قەرز بېرىشنى تەڭشەپ، كونترول قىلىش ئۇسۇلى ۋە مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، پۇل ـ مۇئامىلە بازىرىنى داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇش.

1ـ جەدۋەل　(ئالدىنقى پەسىل بىلەن سېلىشتۇرمىسى، %)

| | 1ـ پەسىل | 2ـ پەسىل | 3ـ پەسىل | 4ـ پەسىل | 97ـ يىلى 12ـ ئايدىكى بىلەن 96ـ يىلى 12ـ ئايدىكىنىڭ سېلىشتۇرمىسى |
|---|---|---|---|---|---|
| تەبىئىي گاز | 102.0 | 102.2 | 101.7 | 101.9 | 108.0 |
| ئېلېكتر | 110.0 | 105.1 | 105.0 | 105.0 | 127.5 |
| تۆمۈر يول ترانسپورتى | 107.0 | 107.0 | 105.0 | 106.0 | 127.4 |
| ئالاقە | 101.0 | 101.0 | 101.0 | 101.0 | 104.1 |

تۆۋەندىكىلەر ئارقىلىق بانكا تارماقلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك: بانكىلارنى نازارەت قىلىش سىستېمىلىرىنى ياخشىلاش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، بانكا پائالىيەتلىرىنىڭ پرىنسىپ ۋە شەرت-شارائىتلىرىنى تىزگىنلەش؛ ئىككىنچى دەرىجىلىك بانكىلارنى كاپىتاللاشتۇرۇش؛ بۇغالتىر ھېساباتىنى ۋە بانكا سىستېمىسىنى ستاتىستىكا قىلىش ئىسلاھاتىنى تاماملاش؛ بانكىلارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش؛ بانكا سىستېمىسىنىڭ چىقىم قىلىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە تولۇقلاش؛ بانكىلارنىڭ ھازىر يۈرگۈزۈۋاتقان قانۇن-بەلگىلىمىلىرىنى ۋە باشقا مالىيە جەھەتتىكى قانۇن-بەلگىلىمىلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش قاتارلىقلار.

خام-چوت كىرىمى جەھەتتىكى سىياسەت: بىر تەرەپتىن كارخانىلارنىڭ باج سېلىقىنى ئاشۇرۇشقا يول قويماسلىق، مەبلەغ سېلىش ئاكتىپلىقىنى ئىلھاملاندۇرۇشقا پايدىلىق شارائىت ۋە مېخانىزمنى يارىتىپ، ئوتتۇرا ۋە كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، يەنە بىر تەرەپتىن مەمۇرىي باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، باج يىغىشتا مالىيە نازارىتىنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت.

دۆلەتنىڭ خىراجەت سىياسىتى چىقىم تەركىبىنى داۋاملىق ياخشىلاشقا كۈچ چىقىرىدۇ. خام چوت سىياسىتىنىڭ ئاساسىي يېتەكچى ئىدىيىسى : ئاساسىي قۇرۇلۇش راسخوتىنى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئاساسىي ئەسلىھەلىرى ھەم ئىجتىمائىي ئەسلىھەلەر جەھەتتىكى راسخوتنى كۆپەيتىشتىن ئىبارەت، مەخسۇس تۈرلەرگە پۇل ئاجرىتىشقا تايىنىپ كونكرېت تۈرلەرگە مەبلەغ سېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، خام چوت تەشكىلىي ئاپپاراتىنى ياخشىلاش ۋە مۇئاش ئومۇمىي فوندىنىڭ ئۆسۈش چەكلىمىسىنى كونترول قىلىش ئارقىلىق كۈندىلىك خىراجەتنىڭ كۆپىيىشىنى كونترول قىلىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

دۆلەت بانكىلىرىدىن بىۋاستە قەرز ئېلىنغان ئىچكى قىسمىدىكى مەبلەغنى ئىشلىتىپ تۈرۈش مىقدارىنى قىسقارتىش: بۇ خىل قەرز پۇل 1996 - يىلى دۆلەت ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 0.5% نى ئىگىلىگەنىدى، 1997 - يىلى قىسقارتىلىپ 0.1% گە چۈشتى. چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىپ دۆلەتنىڭ قىممەتكە ئىگە ئاكسىيە بازارلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە كېڭەيتىش، بۇ ئارقىلىق باشقۇرۇش ۋە مۇلازىمەت ھەققىنى تۆۋەنلەتكەن ئەھۋال ئاستىدا ئارىيەتكە ئېلىپ ئىشلىتىدىغان ساپ پۇلنىڭ مىقدارىنى بىر ھەسسە ئاشۇرۇش.

ئىچكى قىسمىدىكى باشقۇرۇش ۋە تاشقى قەرز سىستېمىسىنى داۋاملىق ئىسلاھ قىلىش، بۇ چەت ئەللەرنىڭ قەرز بېرىش كېلىشىمىنى تىزىمغا ئالدۇرۇش بەلگىلىمىلىرى ۋە دۆلەتنىڭ سۇغۇرتا تۆلەم بەلگىلىمىلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1997- يىلدىن باشلاپ، كارخانىلار پىلانلىق ھالدا يېڭى بوغالتىر ھېسابات قانۇنىنى ئىشلىتىشنى يولغا قويىدۇ. بۇ بارلىق ئىقتىسادىي تارماقلارنىڭ مالىيە ئەھۋالىنى ۋە مەبلەغنىڭ ئېقىش يۆنىلىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە قولايلىق.

دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي سىياسىتى ئاساسەن تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ: يۇرۇشلەشكەن ئۇسۇللارنى قوللىنىش، ئاھالىلارنىڭ ئالاقە ئىشلىرىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتىنى ياخشىلاش، ساقلىقنى ساقلاش ۋە مائارىپ تۈزۈمىنى داۋاملىق ئىسلاھ قىلىش، يېڭى تۇرالغۇ-جاي سىياسىتىنى بەلگىلەش، جىنايى ئىشلار بىلەن كۈرەش قىلىش.

1997-يىلى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمەلىي ئوتتۇرىچە مۇئاشى 1996-يىلدىكىگە قارىغاندا 2.5% ئاشتى؛ دەم ئېلىشقا چىققانلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مۇئاشى 3700 تەڭگىگە يەتتى، 1996-يىلى 2700 تەڭگە ئىدى؛ ئىشسىزلارغا بېرىلىدىغان ياردەم پۇل 1996-يىلدىكى 1800 تەڭگىدىن 1997-يىلى 2400 تەڭگىگە كۆپەيدى.

ئىشسىزلار ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 280 مىڭ ئادەمگە يېتىدۇ، بۇ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا قاتنىشىش ئاكتىپلىقىغا ئىگە ئاھالىلار ئومۇمىي سانىنىڭ 3.7% نى ئىگىلەيدۇ.

دۆلەتنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتى شۇ دۆلەتنىڭ تەرتىپكە سېلىش ئۇسۇللىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئالدى بىلەن كىچىك كارخانىلارنى قوللاپ، زۆرۈر بولغان شەرت-شارائىتلارنى ھازىرلاپ، ئەمگەك مۇلازىمەت بازارلىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ ۋە تەرەققىي قىلدۇرىدۇ.

ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئورگانلىرى ۋە ئەسلىھەلىرىنى ئىشلىتىدىغان ئورگانلاردىكى ۋەكالەتچىلەرنى پىلانلىق، باسقۇچلۇق ھالدا، ئىجتىمائىي پاراۋانلىقنى باشقۇرۇش ئورگانلىرىغا يۆتكەش ئۈچۈن ، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق كەسپىنى داۋاملىق ئىسلاھ قىلىش، بۇ كەسپتىكى ئورگان ۋە سىستېمىلارنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇش كېرەك.

تاشقى ئىقتىسادىي سىياسەت تاشقى سودىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىدۇ . دۆلەت ئىچىدىكى بازارلارنى قوغداشتا، دۇنيا سودا ۋەزىيىتى ۋە چەت ئەللەردىكى

رىقابەتنىڭ ناچار تەسىرى بولغاچقا، دۆلەت ئىچىدىكى تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئوتتۇرىغا قويغان مەلۇم ئاساسقا ئىگە ئىلتىماسقا ئاساسەن ئىمپورت تاموژنا بېجى ئۆزگەرتىلىپ بەلگىلىنىدۇ. ئىمپورت قىلىنغان چەت ئەل تاۋارلىرى دۆلەت ئىچىدىكى تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزگەندە، قوغداش تەدبىرى سۈپىتىدە مەخسۇس تاموژنا بېجى ۋە ئانتى تۆكمە قىلىپ سېتىش بېجى ئېلىنىدۇ.

قازاقىستان ھۆكۈمىتى تاموژنا ئىتتىپاقىدىشىغا ئەزا دۆلەتلەر بىلەن بىرگە تاشقى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت ئاساسىي مەسىلىسى قانۇنىنى بەلگىلەشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش جەھەتتە، داۋاملىق خىزمەت ئېلىپ بېرىپ، قىرغىزىستان ۋە ئۆزبېكىستان بىلەن ئىقتىسادىي دائىرىدە مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىدۇ.

قازاقىستان 1997- يىلى تاشقى سودا سوممىسىنىڭ 12 مىليارد 900مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ، بۇ 1996-يىلدىكىگە قارىغاندا %10 كۆپ. ئەگەر شۇنداق بولغاندا ئېكسپورت سوممىسى 1996-يىلدىكىگە قارىغاندا %9 ئاشىدۇ، ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋار ئىچىدە ئاساسەن نېفىت ۋە ئاشلىقنىڭ ئېكسپورت مىقدارى ئاشىدۇ.

ئاساسلىقى ھۈنەر-سەنئەت ئەسلىھەلىرىنى ئىمپورت قىلىش مىقدارى ئاشقانلىقتىن، دۆلەتنىڭچىقىم خام چوتىدىكى قىزىل رەقەم كۆپىيىدۇ.

دۆلەتنىڭ خۇسۇسىيلاشتۇرۇش جەھەتتىكى سىياسىتى دۆلەتنىڭ 1996-يىلدىن 1998-يىلغىچە بولغان خۇسۇسىيلاشتۇرۇش ۋە دۆلەت مال - مۈلكىنى ئەكس ئەتتۈرۈش پىلانىغا ماس كېلىدۇ.

1997-يىلى دۆلەت كىچىك كۆلەمدە خۇسۇسىيلاشتۇرۇش دائىرىسى ئىچىدىكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن سېتىلماي قالغان كارخانىلارنى سېتىشنى توختىتىپ، ئاممىغا مەنسۇپ خۇسۇسىيلاشقان كارخانىلارنىڭ دۆلەت پاي چېكى سوممىسىنى سېتىش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە چوڭ تىپتىكى بىردىن-بىر كارخانىلارنى داۋاملىق ئۆزگەرتتى، بۇ كارخانىلارنى خۇسۇسىيلاشتۇرۇش چوقۇم ئالاھىدە ئاساستا ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. ئالاھىدە تۈرلەرنى خۇسۇسىيلاشتۇرۇشتا ھەر بىر كونكرېت تۈردە خۇسۇسىيلاشتۇرۇلىدىغان تۈرنىڭ ئالاھىدىلىكى، خۇسۇسىيلاشتۇرۇشنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى بازارلارغا ئېلىپ كېلىدىغان تەسىرى، مونوپولغا قارشى كونترول قىلىش چارىلىرى، مەبلەغ سېلىش پىلانى، ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ۋە باشقا ئامىللارنى نەزەردە تۇتۇش كېرەك.

1997-يىلى كارخانىلارنى ئىسلاھ قىلىش جەريانىنى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاش لازىم.

خۇسۇسىيلاشتۇرۇلغان قىممەتكە ئىگە ئاكسىيە مەبلەغ سېلىش پائالىيىتىنى ئىسلاھ قىلىش تۈزۈلمىسىنى تەكشۈرۈش ۋە قۇرۇپ چىقىش لازىم.

دۆلەتنىڭ مەبلەغ سېلىش سىياسىتى: دۆلەت ئىچىگە مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنى ياخشىلاش، مالىيىدىكى ئاكتىپ بالانس ۋە ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، رىغبەتلەندۈرۈش شارائىتى ۋە تۈزۈلمىلىرىنى يارىتىش، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مەبلەغنى دۆلەت ئىچىدىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا سېلىشقا جەلپ قىلىش قاتارلىقلارغا كۈچ چىقىرىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، دۆلەت خام چوتىدىن كەلگەن بىۋاستە سېلىنىدىغان مەبلەغ، قېلىپلاشقان قانۇنىي ئاساسنى بەلگىلەش ۋە ماس مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنى يارىتىش قاتارلىق ۋاستىلىق چارىلەرنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش كېرەك. قۇرۇلۇش جەريانىدا يولغا قويۇلىدىغان تەييارلىق كۆرۈش، يۈرگۈزۈش قائىدىلىرىنى بەلگىلەش، مەبلەغ سېلىش بانكىلىرىنى قۇرۇش، ئوتتۇرا مەزگىلدە مەبلەغ سېلىش پىلانىنى مۇقىملاشتۇرۇشنى ئىجرا قىلىش لازىم.

بارلىق مۇشۇ سىياسەت ۋە چارە ـ تەدبىرلەر زور مىقداردا سېلىنغان مەبلەغنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ، مۆلچەرلىنىشىچە، 1997ـ يىلى دۆلەت ئىچىدىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 1996ـ يىلدىكىگە قارىغاندا10% ئاشىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىچىدە سېلىنغان مەبلەغ 10.3%، چەت ئەللەر سالىدىغان مەبلەغ 9.4% ئاشىدۇ. دۆلەت خام چوتىدىن ئايرىپ سېلىنىدىغان مەبلەغ سوممىسى 1996ـ يىلدىكىگە قارىغاندا بىر ھەسسە كۆپىيىدۇ.

مۆلچەرلەشلەرگە قارىغاندا، دۆلەتنىڭ يۇقىرقى ئىقتىسادىي مالىيە سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىشى تۆۋەندىكى ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. (2ـ جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەندەك)

2ـ جەدۋەل 1996ـ يىلدىكى بىلەن سېلىشتۇرمىسى

| | 1996ـ يىلدىكى مۆلچەر | 1997ـ يىلدىكى مۆلچەر |
|---|---|---|
| دۆلەت ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى | 100.7% | 102.0% |
| سانائەت مەھسۇلاتلىرى | 100.2% | 103.0% |
| يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئومۇمىي قىممىتى | 105.0% | 103.0% |
| ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا سېلىنىدىغان مەبلەغ | 89.2% | 110% |
| مال باھاسىنىڭ ئۆسۈش سۈرئىتى | 129.0% | 117.5% |
| ئوتتۇرىچە ئەمەلىي مۇئاش | 102.9% | 102.5% |
| يىللىق ئوتتۇرىچە پېنسىيە پۇلى(تەڭگە) | 2674 | 3671 |
| ئىشسىزلارغا بېرىلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە ياردەم پۇل(تەڭگە) | 1757 | 2402 |

# قىرغىزستاننىڭ مەبلەغ سېلىش مۇھىتى

نۆۋەتتە، قىرغىزستاننىڭ ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى جىددىي بولۇپ، بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، چەت ئەل مەبلىغىنى كىرگۈزۈپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرمەكچى بولىۋاتىدۇ. قىرغىزستاننىڭ مەبلەغ سېلىش مۇھىتى زادى قانداق؟ بۇ بىر جىددىي جاۋاب بېرىشكە تېگىشلىك مەسىلە.

ئومۇمىيۈزلۈك تەھلىل قىلىش، باشقا دۆلەتلەر بىلەن سېلىشتۇرۇش نەتىجىسىدە، قىرغىزستاننىڭ مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىچىدە ئەڭ ياخشى دېيىش قاراشقا بولىدۇ.

بۇنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا ئىككى ئاساس بار: بىرى، ھازىر قىرغىزستاندا دۆلەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىرىدىن تارتىپ ئادەتتىكى پۇقرالارغىچە دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش، دۆلەتنىڭ قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش، دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچىنى ئاشۇرۇش جەھەتتىكى ئاكتىپلىقى تېزدىن ئاشماقتا. ئىلگىرىكى پاسسىپ ھالەتتىكى كۈتۈش ۋە قاراپ تۇرۇش كەيپىياتى يوقالماقتا. كەڭ كۆلەمدىكى سىياسىي مۇقىملىق قىرغىزستانلىقلارنىڭ ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش جەھەتتىكى ئاكتىپلىقىنىڭ ئېشىشىغا تۈرتكە بولغان. بۇ چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلارغا نىسبەتەن تېپىلغۇسىز ياخشى ئىش. يەنە بىرى قىرغىزستان يۈرەكلىك ھالدا چەت ئەل مەبلىغىنى جەلپ قىلىشتىكى باج سىياسىتىنى ئوتتۇرىغا قويدى ، يەنى مەبلەغ سالغۇچىلار كارخانىنى تىزىمغا ئالدۇرۇپ ئۈچ يىلغىچە پايدا بېجى تاپشۇرمايدۇ ، كېيىنكى بەش يىل ئىچىدە باجنىڭ يېرىمى كېمەيتىلىدۇ. بۇ خىل ئېتىبار بېرىش سىياسىتى قىرغىزستاننىڭ مۇناسىۋەتلىك قانۇن-نىزاملىرىدا ئېنىق بەلگىلەنگەن. بۇ بىر خىل يىراقنى كۆزلىگەن، يۈرەكلىك ئوتتۇرىغا قويۇلغان، قالتىس سىياسەت بولۇپ، چەت ئەل مەبلىغىنى جەلپ قىلىشتا پائال رول ئوينايدۇ.

قىرغىزستاندا چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلار مەبلەغ سالىدىغان ساھەلەر بىر قەدەر كەڭ بولۇپ، ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىر نەچچە تەرەپتىن ئىبارەت:

مەبلەغ سالغۇچىلار ھەممىدىن ئاۋۋال كۆڭۈل بۆلىدىغان تۈر — بايلىق ۋە ئېنېرگىيە مەنبەلىرىنى ئېچىش. قىرغىزستاندا بىر قەدەر مول بايلىق ۋە يېتەرلىك ئېنېرگىيە بار. قىرغىزستاننىڭ ئالتۇن زاپىسى خېلى كۆپ بولۇپ، زامانىۋىي قېزىش ئۇسۇلى ئارقىلىق قېزىشنى كۈتۈپ تۇرماقتا. قىرغىزستاننىڭ ھازىرقى قانۇنىدا ئالتۇننى قىرغىزستاندىن ئېلىپ چىقىشقا بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن، بۇنداق بەلگىلىمىنى باشقا دۆلەتلەرنىڭ قانۇنىدىن تاپقىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، نۇرغۇن شىركەتلەر بۇ پايدىلىق تۈرلەرگە كۆز تىكىپ، بۇ تۈرگە مەبلەغ سېلىپ ئالتۇن كېنى قېزىشقا تەييارلىق قىلماقتا. نۇرغۇن شىركەتلەر ئالتۇن قېزىشتىن باشقا بايلىق ساھەلىرىدە خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرماقتا. بولۇپمۇ قىرغىزستاننىڭ سۇ بايلىقى ناھايىتى مول بولۇپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپلا قالماستىن،

پاكىستان، جۇڭگو قاتارلىق قوشنا دۆلەتلەرگە ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى ئېكسپورت قىلىش ئاساسىغا ئىگە. ھازىرقى مەسىلە مول تەبىئىي بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىش، بىراق ئۇنىڭ ئۈچۈن زور مەبلەغ سېلىشقا توغرا كېلىدۇ. قىرغىزىستاننىڭ مەبلىغى چەكلىك، بىردىن-بىر يول چەت ئەل مەبلىغىغا تايىنىپ ئېچىش.

چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلار بۇ تۈرگە كۆز تىكتى، نۆۋەتتە پاكىستان قىرغىزىستاننىڭ كونا سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىشى ئۈچۈن مەبلەغ توپلىماقتا. سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى كۆپ پايدا يارىتالايدۇ ھەمدە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى بۇلغىمايدۇ.

چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلار يېقىندىن گۈللىنىۋاتقان پۇل-مۇئامىلە بازىرىغا كۆز تىكمەكتە. قىرغىزىستاننىڭ تەدبىر بەلگىلىگۈچىلىرى، چەت ئەل مەبلىغىنى قىرغىزىستاندا خىزمەت قىلدۇرۇشنىڭ ستراتېگىيىلىك ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر چۈشىنىدۇ. چۈنكى قىرغىزىستان بانكا سىستېمىسىنىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولۇپ، زامانىۋىي تېخنىكىغا ئىگە چوڭ-كىچىك بانكىلار سانغۇدەكلا، دەل مۇشۇ ھالقا مەبلەغنىڭ ئوبوروتىنى چەكلەپ قىرغىزىستاننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسەتكەن. ئەلۋەتتە، ھازىر پۇل مۇئامىلە بازىرىنىڭ مەبلەغ سېلىش سىغىمىغا باھا بېرىش قىيىن. بىراق، بىر نۇقتىنى چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلار ئېنىق چۈشىنىدۇ، يەنى پۇل-مۇئامىلە بازىرىنىڭ مەبلەغ سېلىش سىغىمى ناھايىتى چوڭ. چۈنكى، قىرغىزىستان سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، بۆزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ھۈنەر - سانائەت زەنجىرى ۋە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكتە. ھەممە ئىشقا پۇل كېتىدۇ، چەت ئەللىك پۇل مۇئامىلىشۇناسلارنىڭ قىرغىزىستاندىكى رولى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ. كۆزدە زور مەبلەغ بولغان ۋە كەلگۈسىدە زور مالىيە ۋاستىسىگە ئىگە چوڭ بانكىلارلا تەرەققىي قىلىۋاتقان پۇل-مۇئامىلە بازىرىغا كىرەلەيدۇ.

روسىيىنىڭ پايتەختىدىكى ئەڭ چوڭ بانكىنىڭ بىرى بولغان ئاپتوموبىل بانكىسى قىرغىزىستاندا تارماق بانكا قۇرۇش ئۈچۈن كەڭ كۆلەمدە مەبلەغ توپلاپ، تارماق بانكىنى مالىيە، بىلىم ۋە تېخنىكا بايلىقى بىلەن تەمىنلەشكە تەييارلىق قىلماقتا. مەزكۇر بانكىغا قاراشلىق موسكۋا ئولتۇراق ئۆي مەركىزىمۇ قىرغىزىستان بانكىسىدىن پاي چېكى كونترول سوممىسىنى سېتىۋېلىشنى قارار قىلدى. روسىيە بانكا ساھەسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى قىرغىزىستاننىڭ پۇل-مۇئامىلە بازىرىغا مەبلەغ سېلىش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويۇشنى خالىمايدۇ.

ھازىر، قىرغىزىستاندا تەلەپكە لايىق ئاكسىيە بازىرى تېخى قۇرۇلمىدى. پەقەت يېقىندىلا ھۆكۈمەت خەلقئارا ئۆلچەمگە لايىق ئاكسىيە بازىرى قۇرۇشنى پىلانلىدى. چەت ئەللەرنىڭ نۇرغۇنلىغان ئاكسىيە بازارلىرىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلار قىرغىزىستاننىڭ ئاكسىيە بازىرىغا كىرىشكە تەييارلىق قىلماقتا.

1996 - يىلى قىرغىزىستاننىڭ پۇل پاخاللىقى نىسبىتى 50% كە يەتتى. بۇ

قىرغىزىستاندا سوغۇرتا كەسپىنى ياخشى ئىشلەش زورۇر ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ، بۇ چەت ئەل مەبلىغىنى جەلپ قىلىش ۋە چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلارنى تۇراقلاشتۇرۇشتىكى جىددىي ۋەزىپە. روسىيىدىكى ئىناۋىتى ئەڭ چوڭ بولغان دۆلەتنىڭ مەبلەغ سوغۇرتا شىركىتى ئەتراپلىق ئويلىنىش ئارقىلىق قىرغىزىستاننىڭ سوغۇرتا بازىرىغا بۆسۈپ كىردى. ئۇنىڭ كىرىشى شۇ يەردىكى ۋە چەت ئەللىك خېرىدارلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلدى.

يوقىرىقى مەبلەغ سالىدىغان تۇردىن سىرت، مەبلەغ سالىدىغان ساھەلەر ناھايىتى كۆپ. قىرغىزىستاننىڭ ئاساسىي مۇئەسسەسەلىرى بىر قەدەر قالاق بولۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ تەلىپىگە ماسلىشالمايدۇ. رەڭلىك مېتال سانائىتى، ماشىنا ياساش، يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش، يېنىك توقۇلما، يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بىراقلا ئىش باشلاش قىيىن بولۇشتەك ئەھۋالدا بولۇپ، ھەممىسى چەت ئەل مەبلىغىگە تايىنىپ راۋاجلىنىشقا مۇھتاج. ئەمەلىيەتتە چەت ئەل مەبلىقى ئاللىبۇرۇن قىرغىزىستاننىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىگە كىرىپ بولدى. ياپونىيىلىكلەر ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى بويىچە ئەڭ چوڭ بولغان بىشكەك ئايرودرومىغا مەبلەغ سالماقچى. ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغان بۇ ئايرودروم ھەر خىل ئايروپىلانلار ئۇچۇپ قونالايدىغان ئەڭ ئىلغار ئايرودروم بولۇپ قالىدۇ. ئىرلاندىيىنىڭ «كىنىگ رېسۇرس» شىركىتى تاقىلىپ قېلىش گىرداۋىغا بېرىپ قالغان يىپەك توقۇلما بىرلەشمە زاۋۇتىنىڭ 80% پايلىرىنى سېتىۋېلىپ، پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالغان ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن بىر مىليون ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ سالدى، ئازادە، زامانىۋىي سېخلارنى قۇرۇشقا باشلىدى. بىرىنچى تۈركۈمدىكى يىپەك تارتىش ۋە بوياش سېخلىرى ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ قىرغىزىستاننىڭ يىپەكلىرى دۇنياغا قايتا تونۇلىدىغان بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە قىرغىزىستاندىكى ھەر خىل ئاپتوموبىللارنىڭ 98%ى روسىيە ۋە بېلورۇسىيىدە ئىشلەپچىقىرىلغان ئاپتوموبىللار ئىدى. ھازىر ئۇنداق ئاپتوموبىللارغا ئېرىشىش ئۈچۈن تاشقى پېرىۋوت تاپشۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ، قىرغىزىستاننىڭ تاشقى پېرىۋوتى ناھايىتى چەكلىك، شۇنىڭ ئۈچۈن قىرغىزىستان چەت ئەل مەبلىغىگە تايىنىپ «قىر»، «گاز» قاتارلىق ئاپتوموبىللارنى قۇراشتۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىنى قۇرماقچى. نۆۋەتتە، قىرغىزىستان روسىيە بىلەن بۇ تۈردە ھەمكارلىشىشقا باشلىدى. چۈنكى، قىرغىزىستاننىڭ تۆمۈر يول قاتنىشى ئانچە تەرەققىي قىلمىغان، يۈكلەرنى توشۇشتا ئاساسەن ئاپتوموبىللارغا تايىنىدۇ، شۇڭا ئاپتوموبىلغا بولغان ئېھتىياج چوڭ.

جۇڭگونىڭ مەبلەغ سالغۇچىلىرى قىرغىزىستاندا مەبلەغ سېلىپ نەپ ئالالماي ياكى بىر ئىككى قېتىم زىيان تارتىپلا رايى قايتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ ھەممىسى بىر قىسىم كىچىك كارخانا ۋە كىچىك شىركەتلەر بولۇپ، ئۇلار قىرغىزىستاندا ئاشپۇشۇللارنى ئاچتى، شېرىكلىشىپ چۆپ پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قۇردى، قۇياش ئېنېرگىيىسى ئارقىلىق سۇ ئىسىتىش ئۈسكۈنىسىنى قۇراشتۇرۇپ ئىشلەپچىقاردى، كۆتات تېرىدى. ھازىرغىچە، ھەقىقىي ئەمەلىي ئىقتىدارغا ئىگە چوڭ تىپتىكى شىركەتلەر قىرغىزىستاندا مەلۇم چوڭ تۈرلەرگە مەبلەغ سالغىنى يوق. بۇنى ئەپسۇسلىنارلىق ئىش دېيىشكە بولىدۇ.

ئەلۋەتتە، قىرغىزستاننىڭ مەبلەغ سېلىش مۇھىتىدا مۇتلەق مەسىلە يوق دېيىشكىمۇ بولمايدۇ. يەنە مەلۇم خېيىم-خەتەرمۇ بار. مەسىلەن، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ خىيانەت قىلىشى، پارا ئېلىشى، تاموژنا تارماقلىرىنىڭ قاقتى-سوقتا قىلىشى، بىر قىسىم ئىقتىساد باشقۇرۇش خادىملىرىنىڭ ساپاسىنىڭ تۆۋەن بولۇشى قاتارلىقلار. بۇلارنىڭ ھەممىسى مەبلەغ سېلىش ئىشلىرىغا يوشۇرۇن تەھدىت سالىدۇ. توغرىراق قىلىپ ئېيتقاندا، خېيىم-خەتەر بىلەن پۇرسەت ئورتاق مەۋجۇت، پۇرسەت خېيىم-خەتەردىن كۆپ.

(ئەكرەم ئابلا (ت)).

# جۇڭگو - قىرغىزستان چېگرىسىدىكى ئىركېشتان سودا ئېغىزى ۋاقىتلىق ئېچىۋېتىلىدۇ

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى لى دۇڭخۇي بىلەن قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭلىسى بەنگۇئىنىڭ قاتناش ئىدارىسىنىڭ باشلىق زاكىروۋ 1997- يىلى 7 - ئايدىن باشلاپ جۇڭگو قىرغىزستان چېگرىسىدىكى ئىركېشتان سودا ئېغىزىنى ۋاقىتلىق ئېچىۋېتىشنى مۇزاكىرىلىشىپ بېكىتتى.

1997 - يىلى جۇڭگو بىلەن قىرغىزستاننىڭ يۇقىرى قاتلامدىكى رەھبەرلىرى كۆپ قېتىم ئۆزئارا زىيارەت قىلىپ ۋە كېڭىشىپ، ئىركېشتان سودا ئېغىزىنى ئېچىشنى قانۇنىي جەھەتتىن بەلگىلىدى.

1997 - يىلى 7 - ئايدا ۋاقىتلىق مال ئۆتكۈزۈش ئەمەلگە ئاشقاندىن كېيىن، بۇ سودا ئېغىزىنى رەسمىي ئېچىش ئۈچۈن ئىككى تەرەپ شەرت - شارائىت ھازىرلىدى ۋە ئۈچىنچى دۆلەتكىمۇ ئاچماقچى بولدى. ئىركېشتان سودا ئېغىزى بۇندىن كېيىن جۇڭگو بىلەن قىرغىزستاننىڭ دوستانە ھەمكارلىقىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئىركېشتان سودا ئېغىزىنىڭ جۇڭگو تەرىپى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى، قىرغىزستان تەرىپى ئوش ئوبلاستى. بۇ سودا ئېغىزى ئېچىلغاندىن كېيىن ، رەسمىي ئېچىلغان ئىككىنچى سودا ئېغىزى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

(03)

# قىرغىزىستاننىڭ «ئەركىن ئىقتىسادىي رايون قانۇنى»دىكى مۇھىم نۇقتىلار

قىرغىزىستاننىڭ ئەركىن ئىقتىسادىي رايونلىرى جۇمھۇرىيەتنىڭ ئايرىم ئوبلاست، رايون، شەھەرلىرىدە مەخسۇس ئاجرىتىلغان ئالاھىدە رايوندۇر. ئۇنى قۇرۇشتىكى مەخسەت:

— بىر قىسىم رايون، شۇنداقلا پۈتۈن جۇمھۇرىيەتنىڭ ئىقتىسادىنى ئۇنۇملۈك ھالدا خەلقئارا ئىش تەقسىماتىغا باشلاپ كىرىش؛

— چەت ئەل مەبلىغى، ئىلغار ھۈنەر-سەنئەت ۋە باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن ئېتىبار شارائىت ھازىرلاش؛

— چەت ئەل مەبلىغى بىلەن قىرغىزىستاننىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى كارخانىلىرىنىڭ ماددىي مەبلىغى ۋە پۇل مەبلىغىنى بىر گەۋدە قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئاساسىدا، رايونلارنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىسادىي كۈچىنى جارى قىلدۇرۇش؛

— دۆلەت ئىچى بازارلىرىنىڭ تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا كېرەكلىك مەھسۇلاتلارغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتىن ئىبارەت.

ئەركىن ئىقتىسادىي رايون، ئەركىن تاموژنا باج رايونى، ئېكسپورت ئىشلەپچىقىرىش رايونى، چەت ئەل مەبلىغىنى جەلپ قىلىش رايونى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەركىن ئىقتىسادىي رايوندا ئالاھىدە قانۇن ـ بەلگىلىمىلەرنى يولغا قويۇشتىكى مەقسەت، تاشقى ئىقتىساد پائالىيىتىنى ئېتىبار سىياسەت بىلەن تەمىنلەش، ئەمگەك مۇناسىۋىتىنى قانۇنىي جەھەتتىن تەڭشەش جەھەتتە بىر قىسىم چەكلىمىلەرنى بىكار قىلىش ھەم زۆرۈر بولغان تولۇقلاش ئېلىپ بېرىش، ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايون دەپ ئېلان قىلىنغان رايونلاردا «ئەركىن ئىقتىسادىي رايون قانۇنى» ۋە «ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننى باشقۇرۇش نىزامى»دىكى بەلگىلىمە بويىچە رايونلارغا بۆلۈنىدۇ ھەم مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەركىن ئىقتىسادىي رايون قىرغىزىستان چېگرىسى ئىچىدە بولۇپ، ئۇنىڭ چېگرىسى قىرغىزىستان چېگرىسىنىڭ تەركىبىي قىسمىدۇر. ئەركىن، ئىقتىسادىي رايون قۇرۇش ۋە پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇش جەريانىدا شەكىللەنگەن تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەر «ئەركىن ئىقتىسادىي رايون قانۇنى» ۋە «ئەركىن ئىقتىسادىي رايونلارنى باشقۇرۇش نىزامى»، شۇنداقلا قىرغىزىستان ئىمزالىغان خەلقئارا كېلىشىملەر بويىچە تەڭشىلىدۇ. ئەركىن ئىقتىسادىي رايون چېگرىسى ئىچىدە «ئەركىن ئىقتىسادىي رايون قانۇنى» ۋە «ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننى باشقۇرۇش نىزامى»غا زىت بولمىغان قىرغىزىستاننىڭ باشقا قانۇنلىرى يولغا قويۇلىدۇ.

ئەركىن ئىقتىسادىي رايوندا ئالاھىدە باج تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، ئەركىن

ئىقتىسادىي رايوندا ئىشلەپچىقىرىلغان تاۋارلارنىڭ ئېكسپورت تاموژنا بېجى، شۇنداقلا ئەركىن ئىقتىسادىي رايون ئىمپورت قىلغان ياكى تەكرار ئېكسپورت قىلىشتا ئىشلىتىلىدىغان تاۋارلارنىڭ ئىمپورت تاموژنا بېجى ۋە تاۋارلارنى ئەركىن يۆتكەپ توشۇشنى بىكار قىلىش، ئىمپورت ، ئېكسپورت پائالىيەتلىرىگە نىسبەتەن باجدىن باشقا چەكلىمىلەرنى بىكار قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەركىن ئىقتىسادىي رايون ئارقىلىق ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋارلارنى چېگرىدىن ئۆتكۈزۈشتە بۇ ئېتىبار بېرىش سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولالمايدۇ.

ئەركىن ئىقتىسادىي رايوندا يەنە ئالاھىدە تاشقى پىرېۋوت تەڭشەش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ. چەت ئەل پۇلى ئەركىن ئوبوروت قىلىنىدۇ، قىرغىزستان مەركىزىي بانكىسىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن ۋەكالەتچى بىلەن تەبىئىي شەخسلەر راسچوت ئېلىپ بارغاندا چەت ئەل پۇلى ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

ئەركىن ئىقتىسادىي رايون بىلەن چەت ئەل ئوتتۇرىسىدا راسچوت ئېلىپ بېرىلغاندا، ھەمكارلاشقۇچى ئىككى تەرەپ ئۆز ئارا كېڭىشىش ئارقىلىق خالىغان بىر خىل چەت ئەل پۇلى ئىشلەتسە بولىدۇ.

ئەركىن ئىقتىسادىي رايوندا مەركەز ۋە يەرلىك بىلەن خام چوت ئېلىپ بارىدىغان تاشقى پىرېۋوت راسچوتىدىمۇ ئېتىبار شارائىتىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ.

ئەركىن ئىقتىسادىي رايوندا تىجارەت پائالىيىتى ۋە تاشقى ئىقتىساد پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، بەلگىلىمە بويىچە تىزىمغا ئالدۇرغان ۋەكالەتچى ۋە تەبىئىي شەخس، پائالىيەت ئېلىپ بېرىش جەريانىدا تۈرلۈك باجلارنى تاپشۇرمايدۇ. ئەركىن ئىقتىسادىي رايوندا ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلار ئېكسپورت قىلىنغاندا نورما ۋە ئىجازەتنامە تۈزۈمى جەھەتتىكى چەكلىمە بىكار قىلىنىدۇ. تىجارەت ۋە تاشقى ئىقتىساد پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار (بەلگىلىمە بويىچە تىزىمغا ئالدۇرغان ۋەكالەتچى ۋە تەبىئىي شەخس ) ھەر يىلى ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننى باشقۇرۇش باش ئىدارىسىگە ئېتىبار باج سىياسىتى بىلەن تەمىنلەش رەسمىيەت ھەققى تاپشۇرىدۇ، سوممىسى شۇ تاۋارلارنىڭ مۇلازىمەت كىرىمىنىڭ 0.1% — 2%ى بولىدۇ.

ئەركىن ئىقتىسادىي رايوندىكى تىجارەت گەۋدىلىرى ئەركىن ئىقتىسادىي رايوندا تىجارەت قىلىپ تاپقان پايدا ۋە كىرىمىنى قىرغىزستاننىڭ باشقا رايونلىرىدا ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى مەبلەغ قىلىپ سالسا بولىدۇ، بۇ بىر قىسىم مەبلەغمۇ مەزكۇر قانۇندا بەلگىلەنگەن ئېتىبار باج سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ.

ئەركىن ئىقتىسادىي رايوندىكى كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئەمگەك مۇناسىۋىتى، يەنى خىزمەتچىلەرنى تەكلىپ قىلىش ۋە ئىشتىن بوشىتىش، ئەمگەك ھەققىنى تۆلەش شەرتى ۋە سوممىسى (چەت ئەل پۇلى تۆلەشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ، ئەمگەك ۋە دەم ئېلىش تۈزۈمى، ئىجتىمائىي كاپالەت ۋە تولۇقلاش قاتارلىق مەسىلىلەر كوللېكتىپ ياكى شەخسلەرنىڭ

ئەمگەك توختىمى ئارقىلىق تەڭشىلىدۇ، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ ئەمگەك توختىمىدا بۇ كارخانىدىكى خىزمەتچىلەر ئۈچۈن بەلگىلەنگەن پاراۋانلىق ۋە تەمىناتى قىرغىزستاننىڭ ھازىرقى ئەمگەك قانۇنى، خەلقئارا ئەمگەك تەشكىلاتىنىڭ (قىرغىزستان ئېتىراپ قىلغان) ئەھدىنامىسىدا بەلگىلەنگەن شەرتتىن كەم بولماسلىقى كېرەك. چەت ئەللىك ئىشچىلار ئېرىشكەن تاشقى پېرېۋوت ئىش ھەققىنىڭ باج تاپشۇرغاندىن كېيىنكى قىسمىنى چېگرىدىن بىۋاستە ئېلىپ چىقسا بولىدۇ.

ئەركىن ئىقتىسادىي رايوندىكى گەۋدىلەرنىڭ تىجارەت پائالىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر، مەسىلەن: ئەركىن ئىقتىسادىي رايونغا كىرىش ئىجازىتىگە ئېرىشىش، يول خېتى بېجىرىش، ئولتۇراقلىشىش ياكى خىزمەت ئىجازەتنامىسى بېجىرىش ۋە باشقا ئەركىن ئىقتىسادىي رايون پائالىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننى باشقۇرۇش باش ئىدارىسى مەسئۇل بولۇپ بىر تەرەپ قىلىدۇ.

ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننىڭ رولىنى نورمال جارى قىلدۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس رايون خام چوتى تەسىس قىلىندى. رايوننىڭ خام چوت كىرىمى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ئىجارىگە بېرىلگەن رايوندىكى يەرلەر، قۇرۇلۇش ۋە مۇئەسسەسەلەردىن ئېرىشكەن كىرىم، ھەر خىل ئەمگەك مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەش ئارقىلىق ئېرىشكەن كىرىم، رايون زايومى تارقىتىش ئارقىلىق ئېرىشكەن كىرىم، شۇنداقلا خۇسۇسىيلاشتۇرۇش جەريانىدا ئېرىشكەن بىر قىسىم مەبلەغ.

دۆلەت خام چوتى، رايون خام چوتى ۋە ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننىڭ تىجارەت كىرىمىدىن ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرىگە پۇل ئاجرىتىلىدۇ.

ئەركىن ئىقتىسادىي رايوندا ئاددىيلاشتۇرۇلغان چەت ئەل گىراژدانلىرىنىڭ چېگرىدىن كىرىپ - چىقىشىنى باشقۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ، قىرغىزستان دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى ھەر قايسى رايونلار ئۈچۈن كونكرېت بولغان ئىمپورت - ئېكسپورت بەلگىلىمىسىنى تۈزۈپ چىقىدۇ. ھەم مەزكۇر رايوننىڭ باشقۇرۇش نىزامىدا ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ، قىرغىزستان دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى بۇنىڭ ئۈچۈن مەخسۇس باشقۇرۇش ئورنى تەسىس قىلىدۇ، ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننى باشقۇرۇش باش ئىدارىسى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئەركىن ئىقتىسادىي رايوندا يولغا قويۇلغان ئېتىبار باج ۋە تاموژنا باج تۈزۈمى ئىچىدىكى ھەر قايسى تىجارەت گەۋدىلىرىنىڭ بارلىق تىجارەت مەزگىلىگە ماس كېلىدۇ، بۇ تىجا گەۋدىلىرى پەقەت قىرغىزستان مالىيە مىنىستىرلىكىگە قاراشلىق دۆلەت باج ئىشلىرى باش ئىدارىسىگە يىللىق بوغالتىر تەكشۈرۈلۈق جەدۋىلىنى تاپشۇرسىلا بولىدۇ، ئەركىن ئىقتىسادىي رايوندىكى ھەر قايسى تىجارەت گەۋدىلىرىنىڭ مالىيە تىجارەت ئەھۋالى ۋە

باج تاپشۇرۇش ئەھۋالىغا نىسبەتەن ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرى تۈرلۈك تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بارىدۇ ھەم ھەر يىلى بىر قېتىمدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ.

قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتى پارلامېنتى يەرلىك مەمۇرىي تارماق ۋە يەرلىك ئاپتونومىيىلىك ئورگانلارنىڭ پىكرىگە ئاساسەن ئەركىن ئىقتىسادىي رايون قۇرۇش ۋە بىكار قىلىش توغرىسىدا قارار چىقىرىدۇ. ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننىڭ چېگرىسى، ھەرىكەت قائىدىلىرى ۋە مۇددىتىمۇ قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتى پارلامېنتى تەرىپىدىن قارار قىلىنىدۇ. ھەر قايسى ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننىڭ باشقۇرۇش نىزاملىرى قىرغىزستاننىڭ ھۆكۈمىتى قاراپ چىققاندىن كېيىن ماقۇللىنىدۇ.

ۋەكالەتچى سالاھىيىتىگە ئىگە ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننى باشقۇرۇش باش ئىدارىسى ئەركىن ئىقتىسادىي رايوندىكى گەۋدىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننى باشقۇرۇش ئورگىنىدۇر، ئۇنىڭ باشلىقىنى قىرغىزستان ھۆكۈمىتى تەيىنلەيدۇ.

ئەركىن ئىقتىسادىي رايوندا ھازىر بار بولغان ياكى قۇرۇلۇۋاتقان چەت ئەل مەبلىغىدىكى كارخانىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تارماق ئورگىنىغا تەۋە تارماقلىرى ۋە ۋەكالەت ئورۇنلىرىنى ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننى باشقۇرۇش باش ئىدارىسى تىزىمغا ئالىدۇ، چەت ئەل مەبلەغ سالغان تىجارەت گەۋدىلىرىنى تىزىمغا ئالدۇرۇش چارىسىنىمۇ ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننى باشقۇرۇش باش ئىدارىسى بەلگىلەيدۇ. مەزكۇر ئىدارە تىزىمغا ئالغان تىجارەت گەۋدىلىرى قايتىدىن قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتى چەت ئەل مەبلىغى ۋە ئىقتىسادىي ياردەمنى باشقۇرۇش كومىتېتىغا بېرىپ تىزىمغا ئالدۇرمىسىمۇ بولىدۇ. ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننى باشقۇرۇش باش ئىدارىسى بۇ كارخانىلارنىڭ تىزىمغا ئالدۇرۇش ئەھۋالىنى مەزكۇر كومىتېت ۋە ستاتىستىكا كومىتېتىغا خەۋەر قىلىدۇ.

ئەسكەرتىش: قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتى 1992 ـ يىلىلا ئەركىن ئىقتىسادىي رايون قانۇنى ئېلان قىلغان، 1996 ـ يىلى ئۆزگەرتىش ۋە تولۇقلاش ئېلىپ بارغان. قىرغىزستاندا ھازىر قاراكۆل ۋە نارىندىن ئىبارەت ئىككى ئەركىن ئىقتىسادىي رايون بار. قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتى يەنە بىر نەچچە ئەركىن ئىقتىسادىي رايون قۇرۇشنى پىلانلاۋاتىدۇ، مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەر تۈزۈلۈۋاتىدۇ ۋە مۇھاكىمە ئۈستىدە.

(02)

# قىرغىزىستاننىڭ ھەسەل ھەرىسى بېقىش كەسپىنىڭ ئىستىقبالى پارلاق

قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ بازارلىرىدا، داۋالاش رولى بولغان ھەسەل كەمچىل بولۇپ، بۇ خىل ھەسەل مىقدارىنىڭ قانچىلىك ئازىيىپ كەتكەنلىكىنى توغرا ھېسابلاپ چىقىش بىر قەدەر قىيىنغا توختايدۇ، چۈنكى قانچىلىك ھەسەل ساندۇقى بارلىقىنىمۇ ھېسابلىغىلى بولمايدۇ. بىراق، بۇرۇن ھەسەل ھەرىسى بېقىش كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ قارىشىچە بۇنى ھېسابلاپ چىققىلى بولىدىكەن.

قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ 1990-يىلى 360 مىڭ ھەرە تۈپى بار ئىدى، ھازىر 50 مىڭدىن كۆپرەك بار. ھەسەل ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىمۇ 10 مىڭ توننىدىن ئازىيىپ 370 تونىنغا چۈشۈپ قالدى.

بۇنىڭ سەۋەبى، بۇرۇن ھەر بىر كولخوز ۋە سوۋخوزلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك بار بولغان بىر نەچچە مىڭ ھەسەل ھەرىسى بېقىش مەيدانلىرى ئادەمنىڭ كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىلى بولمايدىغان ھالەتكە كېلىپ قالدى. بىراق قىرغىزستان مۇتەخەسسىلىرىنىڭ قارىشىچە، قىرغىزستاننىڭ ھەسەل ھەرىسى بېقىش كەسپىنى ئۈزۈل - كېسىل تۈگەشتى دېيىش ھازىرچە تېخى بىر ئاز بالدۇر ئىكەن. چۈنكى ئېگىز تاغ ئوتلاقلىرى ۋە ھەسەل مەنبەسى ئۆسۈملۈكلىرى يەنىلا مەۋجۇت ئىكەن. ئىسسىق كۆل ۋە ئارسلان بابا ياڭاق ئورمانلىقىغا كېلىپ كۆرگەن چەت ئەللىك مۇتەخەسسىلەر بۇ يەرگە ھەيران قېلىپ ماختاپ كەتكەن. ئۇلار بۇ يەرنىڭ ھەسەل ھەرىسى بېقىش كەسپىنىڭ تېزلىكتە ئەسلىگە كېلىپ جانلىنىپ كېتىشى ئۈچۈن ياردەم بېرىشنى ئويلىشىۋاتىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، ھەسەل ئىشلەپچىقارغۇچىلارمۇ ئۆزئارا ئالاقىلىشىپ جەمئىيەت قۇردى، شۇنداقلا قاراقولدىكى «بالچىلىق» ھەسسىدارلىق شىركىتى، جالالئاباتتىكى «ئۆرنەك» شىركىتى، توكتوگۇلدىكى «مىۋز تورى» شىركىتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى پۈتۈن كۈچى بىلەن ھەسەل ھەرىسى بېقىش كەسپى بىلەن شۇغۇللانماقتا. بۇ شىركەتلەر خېرىدارلارنى پەقەت ھەسەل بىلەن تەمىنلەپ قالماي بەلكى يەنە ھەسەل جەۋھىرى، سېرىق مۇم، ھەسەل ھەرە يېلىمى ۋە گۈل چېڭى بىلەنمۇ تەمىنلەيدۇ. ھەسەل ھەرىسى بېقىش زاۋۇتلىرى بايلىقتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، كۆپ خىل مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىدۇ. ئېنېرگىيە، ترانسپورت باھاسى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان بۈگۈنكى كۈندىمۇ يەنىلا پايدىسى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىشەنچىنى يوقاتماسلىق كېرەك. قىرغىزستاننىڭ ئېگىز تاغ ئوتلاقلىرى ئۆزىنىڭ تاتلىق، سالامەتلىككە پايدىلىق مەھسۇلاتلىرى بىلەن كىشىلەرنى خۇشال قىلىدۇ.

# جۇڭگو-ئۇكرائىنا ئىقتىسادىي سودا مۇناسىۋىتىنىڭ هازىرقى ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر

1992-يىلى دۆلىتىمىز ئۇكرائىنا بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقاندىن كېيىن ئىككى تەرەپنىڭ ئىقتىسادىي سودا مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتى بىر قەدەر تېز بولدى. دۆلىتىمىز تاموژنا ئىدارىسىنىڭ ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، 1993-يىلى جۇڭگو بىلەن ئۇكرائىنانىڭ سودا ئومۇمىي سوممىسى 580 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا، 1994-يىلى 830 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا، 1995-يىلى 613 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن.

ئىمپورت-ئېكسپورت تاۋارلىرى ئىچىدە جۇڭگو تەرەپ ئاساسلىقى يېنىك سانائەت توقۇلما بۇيۇملار، پاختا توقۇلما بۇيۇملار، كۆندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرى، يەنى كىيىم-كېچەك، بالىلار كىيىملىرى، تەنھەرىكەت كىيىملىرى، يۇڭ پوپايكا، مۇنچا لۆڭگىسى، خۇرۇم ئاياق، بالىلار ئاياقلىرى، يەڭگىل ئاياقلار، خۇرۇم چاپان، جۇۋا قاتارلىقلارنى ئېكسپورت قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئاز ساندىكى جۇڭگو شىركەتلىرى ئۇكرائىناغا ماگنىبزىن، فىتورىت قاتارلىق ئوتقا چىداملىق ماتېرىياللار ۋە ماشىنا ئېلېكتر مەھسۇلاتلىرى، يەنى ئاپتوموبىللارنىڭ ئاككۇمۇلياتورى، كىچىك تىپتىكى تراكتور قاتارلىقلارنى ئېكسپورت قىلىدۇ.

ئۇكرائىنانىڭ دۆلىتىمىزگە ئېكسپورت قىلىدىغان تاۋارلىرى خىمىيىلىك ئوغۇت، پولات ماتېرىياللىرى، ستانوك، كەندىر، پولات قۇرۇلما، ئۈستى ئوچۇق ۋاگون، ترانسفورماتور، ئايروپىلان دېۋىگاتېلى، پاراخوت دېۋىگاتېلى، كەپشەرلەش ماشىنىسى، كۆممىقوناق ئورۇش كومباينى قاتارلىقلار. ئىككى تەرەپ سودىسىدا بىر-بىرىنى تولۇقلاشچانلىق ناھايىتى كۈچلۈك.

ئۇكرائىنا 1991 - يىلى 8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى مۇستەقىللىق ئېلان قىلغاندىن كېيىن ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ ئەسلىدىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت ئۈزۈلۈپ، خەلق ئىگىلىكى ئېغىر زەربىگە ئۇچراپ كرىزىس ئىچىدە قالدى. بەش يىلدىن بۇيان ئۇكرائىنانىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 40% تۆۋەنلىدى، 1996-يىلنىڭ بېشىغا كەلگەندە، ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1990 - يىلدىكىنىڭ 43.5% ى بولۇپ، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى ئۈچتىن ئىككى قىسىم تۆۋەنلىگەن.

1995-يىلى ئۇكرائىنانىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1994-يىلدىكىدىن 11.8% ، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى 16% تۆۋەنلەپ، تۆتتەن ئۈچ قىسمىغا يېقىن كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى تۆۋەنلەپ زىيانغا ئۇچرىغان. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇكرائىنانىڭ ئىقتىسادى تەدرىجىي هالدا ئىمپورت قىلىشقا تايىنىپ، مىللىي سانائىتى سىرتتىن كەلگەن مەبلەغ ۋە

تاۋارلارنىڭ ئېغىر زەربىسىگە ئۇچراپ ، نېفىت ، تەبىئىي گاز قاتارلىق مىنېرال يېقىلغۇلار ئىمپورت تاۋارلىرىنىڭ 56% نى ئىگىلىدى، ئىستېمال بازارلىرىنىڭ 66% نى ئىمپورت تاۋارلىرى مونوپول قىلىۋالدى، تاشقى قەرزى شىددەت بىلەن ئېشىپ 8 مىليارد 800 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. 1995-يىلى ئۇكرائىنانىڭ ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 14 مىليارت 500 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا، ئىمپورت ئومۇمىي سوممىسى 15 مىليارد 700 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، تەتۈر پەرق بىر مىليارد 200 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولدى. 1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، ئۇكرائىنانىڭ مۇددىتى توشقان تۆلەشكە تېگىشلىك تاشقى قەرزى بىر مىليارد 200 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. ئۇنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى تاشقى قەرزنىڭ ئۆسۈمى. 1995-يىلى ئۇكرائىنانىڭ دۆلەت خام چوت قىزىل رەقىمى دۆلەت ئىچى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 7.9% نى، 1996-يىلى 6.2% نى ئىگىلىدى، ئۇنىڭ 40% ى چەت ئەل مالىيىسىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق، 60% ى زايوم تارقىتىش ئارقىلىق تولۇقلىنىدۇ. ئۇكرائىنانىڭ ئىقتىسادىي كىرىزىسىنىڭ ئېغىر بولۇشى، كارخانىلارنىڭ مەبلىغىنىڭ كەمچىل بولۇشى، قەرزلەرنى ئۆز ئارا ئارقىغا سۆرىشى، ئۈچ بۇلۇڭلۇق قەرزنىڭ كۆپ بولۇشى نەتىجىسىدە كارخانىلارنىڭ تارقىتالمىغان مۇئاش ئومۇمىي سوممىسى 330 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى.

ئۇكرائىنا مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ تەھلىل قىلىشىچە، هازىر ئۇكرائىنادا ئىشسىزلارنىڭ سانى 5 مىليوندىن 7 مىليونغا (ئۇكرائىنانىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 52 مىليون ) يېتىپ، ئەمگەك كۈچى ئومۇمىي سانىنىڭ 30% — 35% نى ئىگىلىگەن . نۆۋەتتە، ئۇكرائىنانىڭ ئىقتىسادى يەنىلا كىرىزىس ئىچىدە تۇرماقتا، خەلق ئىگىلىكى ئاساسلىق تارماقلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى يەنىلا داۋاملىق تۆۋەنلىمەكتە، بىراق ئالدىنقى بىر نەچچە يىلغا سېلىشتۇرغاندا تۆۋەنلەش سۈرئىتى بىر قەدەر تۆۋەنلىدى.

جۇڭگو بىلەن ئۇكرائىنانىڭ ئىقتىسادىي سودا مۇناسىۋىتى توغرىسىدا، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى مەزگىلىدە، ئىككى تەرەپ كارخانىلىرىنىڭ بىۋاستە ئارىلىشىشى بىر قەدەر ئاز ئىدى، جۇڭگو-سوۋېت ئىككى دۆلەت هۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا ئىمزالانغان سودا توختاملىرى ئىككى تەرەپنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كەسپىي تاشقى سودا شىركەتلىرى ئارقىلىق يۈرگۈزۈلەتتى. ئۇكرائىنا مۇستەقىل بولغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، جۇڭگو ئۇكرائىنا سودىسىدا مال ئالماشتۇرۇش نىسبىتى بىر قەدەر چوڭ ئىدى، 1994-يىلى دۆلىتىمىز بىلەن مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى هەر قايسى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئومۇمىي سوممىسى زور كۆلەمدە تۆۋەنلىگەن ئەھۋال ئاستىدا ، جۇڭگو ئۇكرائىنا سودا ئومۇمىي سوممىسى 830 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، 1993-يىلدىكىدىن (580مىليون ئامېرىكا دوللىرى ) 250 مىليون ئامېرىكا

دوللىرى ئاشتى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادى كەينى - كەينىدىن تۆۋەنلەشكە باشلىدى. ئۆز دۆلىتىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن ئۇكرائىنا 1995-يىلىنىڭ بېشىدا مال ئالماشتۇرۇش سودىسىنى چەكلەش توغرىسىدىكى زۇڭتۇڭ بۇيرۇقىنى ئېلان قىلدى. دۆلىتىمىزنىڭ چېگرا رايونلىرىدىكى سودىدا مال ئالماشتۇرۇش سودىسى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر ئىقتىسادىي كىرزىسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىدى . 1995-يىلى جۇڭگو - ئۇكرائىنا سودا ئومۇمىي سوممىسى تۆۋەنلەشكە قاراپ يۈزلىنىپ يىللىق سودا ئومۇمىي سوممىسى 613 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا چۈشۈپ قالغان. 1996-يىلى 1- ئايدىن 8 - ئايغىچە جۇڭگو ئۇكرائىنا سودا ئومۇمىي سوممىسى ئاران 331 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، 1995-يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن %23 تۆۋەنلەپ، 1994-يىلدىن بۇيانقى ئەڭ چوڭ تۆۋەنلەش ئەھۋالى كۆرۈلدى . ھازىر ئۇكرائىنادا تۇرۇشلۇق جۇڭگو مەبلىغىدىكى كارخانا 60 تىن ئارتۇق بولۇپ، ئاساسلىقى جۇڭگو تاۋارلىرىنى توپ ۋە پارچە سېتىش، كىيىم - كېچەك پىششىقلاپ ئىشلەش، تېلېۋىزور قۇراشتۇرۇش، يېمەك - ئىچمەك، دېھقانچىلىق ھەمكارلىقى ۋە قۇرۇلۇش ھۆددىگەرلىكى قاتارلىق تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇكرائىنا كارخانىلىرىنىڭ مەبلەغ ئايلىنىشى قىيىن، ئىناۋىتى تۆۋەن. تولۇقسىز ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ئۇكرائىنا كارخانىلىرىنىڭ جۇڭگو تەرەپكە تۆلەشكە تېگىشلىك قەرزى 17 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن كۆپ، دۆلىتىمىز كارخانىلىرى مۇستەقىل بولغان دەسلەپكى باسقۇچتىكى ئۇكرائىنانىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ئانچە چۈشەنمىگەچكە، قارىغۇلارچە ھالدا ئۇكرائىناغا مال چىقىرىپ جۇڭگو تەرەپ بەرگەن قەرزلەرنى قايتۇرالماسلىقتەك ئەھۋال كېلىپ چىققان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئاز ساندىكى جۇڭگو كارخانىلىرىمۇ ئۇكرائىنا تەرەپتىن كەلگەن ماللارنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن ۋاقتىدا مال قايتۇرماي بۈگۈنگە قەدەر ئۇكرائىنا كارخانىلىرىغا 7 مىليون ئامېرىكا دوللىرى قەرز بولۇپ تۇرماقتا. جۇڭگو ئۇكرائىنا ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ سودا يەنى خىمىيىلىك ئوغۇت ئاساسلىقى ئەمەلىي كۈچى زور بولغان غەرب شىركەتلىرى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ.

نۆۋەتتە جۇڭگو-ئۇكرائىنا سودىسىدا ساقلىنىۋاتقان مۇھىم مەسىلىلەر :

1. جۇڭگو تەرەپنىڭ سودىسىدا تەتۈر پەرق چوڭ.

دۆلىتىمىز تاموژنا ئىدارىسىنىڭ ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، 1995-يىلدىكى 613مىليون ئامېرىكا دوللىرلىق سودا ئومۇمىي سوممىسىدا دۆلىتىمىز كارخانىلىرىنىڭ ئۇكرائىنادىن ئىمپورت قىلغىنى 539 مىليون ئامېرىكا دوللىرى ، ئېكسپورت قىلغىنى 73 مىليون 441 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ دۆلىتىمىز تەرەپنىڭ تەتۈر پەرقى 466 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولدى.

1996-يىلى 1- ئايدىن 8 - ئايغىچە دۆلىتىمىزنىڭ ئۇكرائىنادىن ئىمپورت قىلغىنى 295 مىليون 700 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى، ئېكسپورت قىلغىنى 35 مىليون 162 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ دۆلىتىمىز تەرەپنىڭ تەتۈر پەرقى 261 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولدى. جۇڭگو تەرەپنىڭ سودا تەتۈر پەرقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سەۋەب ناھايىتى كۆپ، بىراق جۇڭگو تەرەپ ئېكسپورت قىلغان تاۋارلار سۈپىتىنىڭ تۆۋەن بولۇشى، يۇقىرى تېخنىكىلىق مەھسۇلاتلار نىسبىتىنىڭ كىچىك بولۇشى مۇھىم سەۋەب.

2 . ۋاستىلىق ھالقىلار كۆپ

جۇڭگونىڭ ئۇكرائىنادىن ئىمپورت قىلغان تاۋارلىرى ، مەسىلەن خىمىيىلىك ئوغۇت ، پولات ماتېرىياللىرىنىڭ كۆپ قىسمى غەرب شىركەتلىرى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇكرائىنانىڭ ئىقتىسادىي كىرىزىسى ئېغىر، كارخانىلىرىنىڭ مەبلىغى كەمچىل بولغانلىقتىن نەچچە ئون مىڭ كىشىلىك چوڭ پولات- تۆمۈر زاۋۇتى، خىمىيىلىك ئوغۇت زاۋۇتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى تۆۋەنلەپ، ئىشلەپچىقىرىشقا كېرەكلىك خام ئەشيا، يېقىلغۇلارنى سېتىۋالىدىغان مەبلىغى كەمچىل. ئىقتىسادىي كۈچى زور بولغان غەرب شىركەتلىرى پۇلنى ئالدىن تولۇق تاپشۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۇكرائىنانىڭ خىمىيىلىك ئوغۇت، پولات ماتېرىياللىرى قاتارلىق جىددىي تاۋارلىرىنى سېتىۋالىدۇ ياكى ئۇكرائىنا كارخانىلىرىنىڭ پايلىرىنى سېتىۋېلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق يۇقىرىدا ئېيتىلغان مەھسۇلاتلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى كونترول قىلىۋالىدۇ. ئەمەلىي كۈچكە ئىگە جۇڭگو شىركەتلىرى ئالدىن پۇل تۆلەش تەۋەككۈلچىلىكىنى قىلمايدۇ، ئەمەلىي كۈچى ئانچە چوڭ بولمىغان شىركەتلەر ئامانەت - قەرز كېپىنلىكىسى تەسىس قىلىش ئارقىلىق ئۇكرائىنا كارخانىلىرىدا مەبلەغ كەمچىل بولۇش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلالمايدۇ، نەتىجىدە خىمىيىلىك ئوغۇتقا ئېھتىياجلىق بولغان جۇڭگو بازارلىرى پەقەت غەرب شىركەتلىرى ئارقىلىق ئۇكرائىنانىڭ خىمىيىلىك ئوغۇتىغا ئېرىشىشتەك ۋەزىيەت شەكىللەنگەن .

3 . جۇڭگو- ئۇكرائىنانىڭ چوڭ شىركەتلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۆز ئارا چۈشىنىش كەمچىل .

دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ- ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلىرى ئۇكرائىنا كارخانىلىرى بىلەن بىۋاستە ئىقتىسادىي سودا مۇناسىۋىتى ئورنىتىشقا دېگەندەك ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەيدۇ، ھازىر پەقەت 5 خىل كان، ماشىنىسازلىق قاتارلىق 4 شىركەتنىڭ ئۇكرائىنادا ئىش بېجىرىش ئورنى بار. ئىككى تەرەپ ھۆكۈمىتىنىڭ تىرىشىشى ئارقىسىدا، 1996-يىلىنىڭ بېشىدا جۇڭگو خىمىيە سانائىتى شىركىتى ئۇكرائىنانىڭ ئودېسسا خىمىيە ئوغۇت زاۋۇتى بىلەن بىۋاستە كەسپىي مۇناسىۋەت ئورناتتى. ئۇكرائىنانىڭ ئىقتىسادى قىيىن، مەبلەغ سېلىش، سودا مۇھىتى ناچار بولغانلىق- تىن، غەرب شىركەتلىرىنىڭ ئۇكرائىنادا سالغان بىۋاستە مەبلىغى كۆپ ئەمەس،

ئۇلار دائىم ئۇكرائىنا كارخانىلىرىنىڭ پايلىرىنى سېتىۋالىدۇ. ھازىر ئۇكرائىنانىڭ شەرقىي ۋە جەنۇبىي قىسىم رايونىدىكى چوڭ تىپتىكى پولات-تۆمۈر زاۋۇتى بىلەن خىمىيىلىك ئوغۇت زاۋۇتى غەرب شىركەتلىرى تەرىپىدىن پاي سېتىۋېلىش ئۇسۇلى بىلەن كونترول قىلىنىۋاتىدۇ. ھازىر باشقا شىركەتلەرنىڭ ئۇنىڭ ئالدىغا كىرىۋېلىشى قىيىن.

4. جۇڭگو تاۋارلىرىنىڭ رىقابەت كۈچى ئاجىز بولۇپ، ئۇكرائىنا بازارلىرىدا سېتىلىشى قىيىن.

خۇسۇسىيلاشتۇرۇشنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئۇكرائىنا بازارلىرىنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولدى، غەربتىكى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ تاۋارلىرى، مەسىلەن يېمەكلىك، ئىچىملىك، كىيىم-كېچەك، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى قاتارلىقلار ھەممە يەردە كۆزگە چېلىقىدۇ. ئۇكرائىنا بازارلىرىغا كىرگەن جۇڭگو تاۋارلىرى بولسا ھەممىسى دېگۈدەك ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن دەرىجىدىكى تاۋارلار بولۇپ، يۇقىرى دەرىجىلىك تاۋارلار تولىمۇ ئاز. جۇڭگو كارخانىلىرىنىڭ ئۇكرائىنا بازارلىرىنى ئېچىشتا يېتەرلىك ئىشەنچى ۋە جۈرئىتى يوق.

ئۇكرائىنا مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىنىڭ ياۋروپا قىسمىدا بولۇپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئاساسى بىر قەدەر ياخشى. ئۇكرائىنا مۇستەقىل بولغاندىن بۇيان، جۇڭگو - ئۇكرائىنا ئىككى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي سودا مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتى ياخشى بولدى، ئىككى تەرەپ سودىسىنىڭ بىر- بىرىنى تولۇقلىشى بىر قەدەر كۈچلۈك، ھەمكارلىق ئىستىقبالى كەڭ. گەرچە ھازىر ئۇكرائىنانىڭ ئىقتىسادى قىيىن باسقۇچتا تۇرىۋاتقان، قانۇن - تۈزۈملىرى مۇكەممەل بولمىغان، سودا، مەبلەغ سېلىش مۇھىتلىرى بىر قەدەر ناچار بولىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق خېيىم-خەتەر بىلەن پۇرسەت ئورتاق مەۋجۇت. ئىككى تەرەپ كارخانىلىرى مۇناسىۋەتنى كۈچەيتسە چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرسا، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، كۆپ ئەمەلىي ئىش قىلسا، ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزسىلا جۇڭگو-ئۇكرائىنانىڭ ئىقتىسادىي سودا مۇناسىۋىتى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا راۋاجلىنالايدۇ. (02)

## قىرغىزستان خۇسۇسىي كارخانىلارنى قوغدايدۇ

قىرغىزستان زۇڭتۇڭى ئەسقەر. ئاقايېۋ قىرغىزستان تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى، بىخەتەرلىك ۋە تەكشۈرۈش مىنىستىرلىكىنىڭ باج ئېلىشنى ۋە ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ مالىيە ۋە تىجارەت پائالىيەتلىرىگە ئارىلىشىۋېلىشىنى چەكلەش بۇيرۇقىغا ئىمزا قويدى. بۇ بۇيرۇق يەنە ھۆكۈمەتكە 1997- يىلى 7- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن بۇرۇن خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلغان تۇرغۇنلىغان قانۇنسىز ھەرىكەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشنى بۇيرىدى. (03)

# شىنجاڭدىكى كارخانىلارنى قېيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ھەققىدىكى بىر نەچچە پىكىر

1995 ـ يىلى سانائەتنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، شىنجاڭدىكى ئۆز ئالدىغا ھېسابات قىلىدىغان سانائەت كارخانىلىرى 5160 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە زىيان تارتقۇچىسى 1578، زىيان تارتىش دائىرىسى 30.6%، زىيان تارتىش نىسبىتى 39.2% گە يېتىپ، مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 15.5 پوئېنت يۇقىرى بولغان. بۇ شىنجاڭ تارىخىدا كۆرۈلگەن تۇنجى قېتىملىق ئىش بولۇپ، شىنجاڭدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئەڭ تۆۋەن بولغان تارىخىي مەزگىل ھېسابلىنىدۇ.

1996 ـ يىلدىن بۇيان، ئېغىر دەرىجىدە زىيان تارتىشتىن بۇرۇلۇش ياساش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە كېڭىيىپ بارىدىغان ھالەت كۆرۈلدى. سانائەت كارخانىلىرىدىكى زىيان تارتىش ئەھۋالىنىڭ چوڭىيىپ كېتىشىنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلىش-قىلالماسلىق بىر خىل ئىقتىسادىي مەسىلە بولۇپلا قالماستىن، ئۇ يەنە شىنجاڭنىڭ سىياسىي مۇقىملىقىغا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ياخشى بولۇش-بولماسلىقىغا، شىنجاڭنىڭ قانداق قىلىپ پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىر سەپتە 21 ـ ئەسىرگە قەدەم قويۇشىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلە.

شىنجاڭدىكى كارخانىلارنىڭ زىيان تارتىشى كۆپ خىل ئامىللارنىڭ نەتىجىسىدە تەدرىجىي شەكىللەنگەن بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن بىز كارخانىلارنى قېيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ھەققىدە بىر نەچچە پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىمىز:

**1. پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىدىيەدە ئازاد بولۇپ، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، كارخانىلارنى قېيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا پايدىلىق بولغانلىكى تۈرلۈك چارىلەرنى سىناق قىلىشقا جۈرئەت قىلىش لازىم.**

شىنجاڭ مەملىكەت بويىچە مۇھىم پاختا ئىشلەپچىقىرىش رايونى بولۇپ، پاختا مەھسۇلاتىنىڭ مىقدارى مەملىكەت بويىچە ئومۇمىي مىقدارنىڭ بەشتىن بىر قىسمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. شىنجاڭدىكى پاختا بازىسى قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە ئەگىشىپ، بۇ جەھەتتىكى نىسبەت يەنىمۇ ئېشىپ بارىدۇ. شىنجاڭ پاختىسىنىڭ مەھسۇلاتى يۇقىرى، سۈپىتى ياخشى بولغانلىقتىن بۇنداق ئەۋزەل شارائىت شىنجاڭنىڭ پاختىچىلىق تەرەققىياتىنى تارىخىي خاراكتېرلىك پۇرسەت بىلەن تەمىن ئەتتى. رايونلۇق پارتكوم، رايونلۇق ھۆكۈمەت دەل ۋاقتىدا شەرقنىڭ ئۆچۈرلىرىنى غەربكە يۆتكەپ، شىنجاڭنىڭ توقۇمىچىلىق كارخانىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتەك يىراق كەلگۈسى پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەمما، نۆۋەتتە

بۇ پىلاننىڭ ئەمەلىيلىشىشى مۇمكىن بولمايلا قالماستىن، شىنجاڭنىڭ توقۇمىچىلىق كارخانىلىرى پۈتۈن كەسىپلەر بويىچە زىيان تارتىش ھالىتىدە تۇرۇۋاتىدۇ. بۇنىڭدىكى ئەڭ تۈپ سەۋەب: خام ماتېرىيال — پاختىنىڭ باھاسى يۇقىرى بولغاچقا توقۇمىچىلىق كارخانىلىرىدىكى ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخىنىڭ يۇقىرى بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ بازار قوبۇل قىلالماسلىقتەك ئەھۋال كېلىپ چىقىۋاتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن توقۇمىچىلىق سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مۇمكىن بولمايۋاتىدۇ. بۇنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسى ئىككى تۈرلۈك: بىرى، دۆلەتنىڭ سېتىۋېلىش پىلانىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاساسىدا توقۇمىچىلىق كارخانىلىرىغا ئازىراق ئالاھىدە سىياسەت بېرىش كېرەك. شىنجاڭدىكى توقۇمىچىلىق كارخانىلىرى ئۆزىگە كېرەكلىك بولغان پاختىنى ئۆزى سېتىۋالغاندا، بۇنداق سىياسەتنىڭ تۆت تۈرلۈك پايدىسى بار: (1) توقۇمىچىلىق كارخانىلىرىنى زىيان تارتىش ۋەزىيىتىدىن تەلتۆكۈس قۇتۇلدۇرغىلى بولىدۇ. (2) رايون سىرتىدىكى، دۆلەت سىرتىدىكى، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن مەبلەغىنى شىنجاڭغا جەلپ قىلىپ پاختا توقۇمىچىلىق زاۋۇتلىرىنى قۇرۇپ چىققىلى بولىدۇ. (3) پاختا توقۇمىچىلىق كارخانىلىرى تەرەققىي قىلسا دۆلەتنىڭ باج كىرىمىنى ئاشۇرغىلى، شىنجاڭدىكى مالىيە قىيىنچىلىقى ۋەزىيىتىنى ئوڭشىغىلى بولىدۇ. (4) سانائەت بىلەن يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قويۇقلاشتۇرۇشقا پايدىلىق. پاختا توقۇمىچىلىق ئىشلىرى تەرەققىي قىلسا دېھقانچىلىقنىڭ تەرەققىياتىمۇ شۇنىڭغا قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ. ئىشچى - دېھقانلار ئىتتىپاقى يەنىمۇ مۇستەھكەملىنىدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك چارە شۇكى، رايون سىرتىغا قارىتا پاختا باھاسىنى مۇۋاپىق تۆۋەن قىلىش، شۇنىڭدەك باشقا ئۆلكە — شەھەرلەردىكى پاختا ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرى بىلەن باھادا مۇناسىۋەت شەكىللەندۈرۈپ، تيەنجىن، شاڭخەي قاتارلىق مۇھىم شەھەرلەردە، شىنجاڭنىڭ پاختىسى سۈپەت جەھەتتە ئەلا بولۇپلا قالماستىن، بەلكى باھاسىمۇ ئەرزەن ئىكەن دېگەننى ھېس قىلدۇرۇپ، ئۇزاق مۇددەتلىك ئۆز ئارا تايىنىدىغان، ئۆز ئارا تەرەققىي قىلىدىغان تەلەپ-تەمىنلەش مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

**2. كۆپ خىل چارىلەرنى قوللىنىپ، كارخانىلاردىكى مەبلەغ يېتىشمەسلىكنى ھەل قىلىش.**

كارخانىلاردىكى قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشتا، ئاپتونوم رايون شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن كارخانىلارنى يەنىمۇ ياخشىلاشقا دائىر 24 تۈرلۈك سىياسەت ۋە كاپىتال قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇش لايىھىسىنى تارقاتتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتتىكى ئاساسلىق رەھبىرىي يولداشلار يەنە كارخانىلار ئەھۋالىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن نۇرغۇن ئوخشاش بولمىغان چارىلەرنى قوللاندى. بۇ سىياسەتلەرگە ئاساسلانغاندا دۆلەت كارخانىلىرىدىكى بىر قىسىم قەرز پۇلنى، يەنى دۆلەت ئاجرىتىپ بەرگەن

پۇلنى قەرز پۇل دەسمايىسى ۋە ئۆسۈم قالدۇقىغا ئۆزگەرتىپ، دۆلەت كاپىتال فوندىغا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ. يەنە بىر قىسىم قەرز پۇل ئۆسۈمىنى نېسى قىلىپ، بىر قىسىم باجنى كېمەيتىشكە ياكى كەچۈرۈم قىلىشقا بولىدۇ. كارخانىلار يەنە پاي تۈزۈمىدىكى ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشتا ۋە بانكا بىلەن بىرلە-شىپ، بىر قىسىم قەرز پۇل ئارقىلىق يەرلىكتىكى پاي ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، مەبلەغ تەسىرى بار پايچېكلار بىلەن پائال بىرلىشىپ، پاي سېتىپ، مەبلەغنى كۆپەيتىپ، كارخانىدىكى ياكى جەمئىيەتتىكى تۇرۇپ قالغان مەبلەغنى ئىشقا سېلىپ، بىر قىسىم پايچېكلارنى كۆپەيتىپ، مەسئۇلىيەتنى يېنىكلىتىپ، كارخانىلاردا ئۇتۇق قازانغىلى بولىدۇ. بۇندىن كېيىن، يېڭىدىن قۇرۇلغان كارخانىلارنىڭ قايتا قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن، قەرز پۇل بىلەن قۇرۇلغان كارخانىلار ئىشلەپچىقى-رىشقا كىرىشكەندىن كېيىن ئالدى بىلەن قەرز پۇلنى ئېنىقلاپ، ئاندىن باجنى يىغىۋېلىشقا تەكلىپ بېرىمىز.

شىنجاڭدىكى كارخانىلارنى قىيىنچىلىقتىن ئۈزۈل-كېسىل قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، پارتكوم ۋە ھۆكۈ-مەتنىڭ ئاكتىپلىق بىلەن مەركەزدىن ئايرىم ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى قولغا كەلتۈرۈپ، 1996 ـ يىلنىڭ ئاخىرىنى دۆلەتنىڭ شىنجاڭغا مەبلەغ سېلىشتىكى باشلىنىش قىلىپ، ئۈچ يىللىق ئاساسىي قۇرۇلۇش سېلىنمىسىنى ئالدىن ئاجرىتىپ، شىنجاڭدىكى نۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ كاپىتال فوندىنىڭ يېتەرلىك بولۇشىغا مەخسۇس سەپلەپ، شىنجاڭ كارخانىلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنىڭ ئېشىشىغا، شىنجاڭ مالىيە مەنبەسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىپ بېرىشىغا كاپالەتلىك قىلىش تەكلىپىنى بېرىمىز.

**3. ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندە كارخانىلارنى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى تېزلەتكىلى بولىدۇ.**

شىنجاڭنىڭ سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش — شىنجاڭنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم چىقىش يولى. ئۆتكەندىكى ئەمەلىيەت ئارقىلىق، بۇ تەرەپتىكى قالاقلىقىمىزنى ئېتىراپ قىلماسلىق بولمايدۇ. 1995 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە چەت ئەل سودىگەرلىرى ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن كارخانىلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىنمىسى 16.53%نى ئىگىلەيدۇ. ئەمما شىنجاڭدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ تەركىبىدە چەت ئەللىك سودىگەرلەرنىڭ ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن كارخانىلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىنمىسى 1.98% نى ئىگىلىگەن. نىسپىي پەرق 14.55 پوئېنت بولغان. بۇ جەھەتتە شىنجاڭنى تەرەققىي تاپقان ئۆلكە، شەھەرلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا پەرق بەك چوڭ. شاڭخەينىڭ 1995 ـ يىلى ئەمەلگە ئاشۇرغان سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ تەركىبىدە چەت ئەللىك سودىگەرلەر ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن كارخانىلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىنمىسى 28.92% كە يەتكەن، شىنجاڭغا سېلىنى-

تۇرخاندا 26.94 پوئېنت يۇقىرى بولغان. ئەگەر شىنجاڭدا ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ۋە ئىجرا قىلىشقا بولىدىغان ئېتىبار بېرىش سىياستى بولمىغاندا بۇ خىل پەرق يەنىمۇ چوڭىيىپ بارىدۇ. مەركەزنىڭ كارخانىلىرى، باشقا ئۆلكە، شەھەر كارخانىلىرى (يېزا-بازار كارخانىلىرى) ۋە چەت ئەل كاپىتالىنى جەلپ قىلىشتا، ئىش بېجىرىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، قانۇن بويىچە ئادىل ئىش بېجىرىش — بۇمۇ شىنجاڭنىڭ ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، كارخانىلارنى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتىكى مۇھىم يولى.

**4. ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، ئوخشىمىغان ئۇسۇلنى قوللىنىپ، كارخانىلارنى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش.**

شىنجاڭدىكى 5000دىن كۆپ سانائەت كارخانىسى ئىچىدە 1500دىن كۆپرەكى زىيان تارتىۋاتقان سانائەت كارخانىلىرىدۇر. كارخانىلارنى ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، زىيان تارتىش ئەھۋالىدىن قۇتۇلدۇرۇشتا قىزىل باشلىق ھۆججەت ياكى بىر قېتىملىق يىغىن چاقىرىش ئارقىلىق ھەل قىلىپ كېتىشتىن ئۈمىد كۈتۈپ كەتكىلى بولمايدۇ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسلانغاندا، 1578 زىيان تارتىۋاتقان كارخانىغا قارىتا ئۈچ دەرىجىگە بۆلۈپ ھۆددىگەرلىكنى يولغا قويۇشقا بولىدۇ. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر قايسى نازارەت، ئىدارىلەر زىيان تارتىش سوممىسى 7 مىليوندىن يۇقىرى 49 كارخانىنى ھۆددىگە ئېلىش. بۇ كارخانىلارنىڭ زىيان تارتىش سوممىسى 709 مىليون 60 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي زىيان تارتىۋاتقان كارخانىلارنىڭ 49.1% نى ئىگىلەيدۇ؛ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر زىيان تارتىش سوممىسى 7 مىليوندىن تۆۋەن 1 مىليوندىن يۇقىرى بولغان 200 كارخانىنى ھۆددىگە ئېلىش. بۇ كارخانىلارنىڭ زىيان تارتىش سوممىسى 523 مىليون 88 مىڭ يۈەن بولۇپ، زىيان تارتقان كارخانىلاردىكى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 36.2%نى ئىگىلەيدۇ. ناھىيە، شەھەرلەر زىيان تارتىش سوممىسى 1 مىليوندىن تۆۋەن 1329 كارخانىنى ھۆددىگە ئېلىش. بۇلارنىڭ زىيان سوممىسى 211 مىليون 935 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە زىيان تارتقان كارخانىلار ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 14.7%نى ئىگىلەيدۇ.

زىيان تارتىۋاتقان كارخانىلارغا قارىتا ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، ئەھۋالىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، پەرقلەندۈرۈپ مۇئامىلە قىلىش كېرەك. ئازىراق سىياسەت بېرىلگەن، ئازىراق مەبلەغ ئاجرىتىلغان، مەھسۇلات بازىرى ياخشى، يوشۇرۇن كۈچى بار كارخانىلارغا قارىتا يار-يۆلەكتە بولۇش كېرەك. مەھسۇلاتىنىڭ بازىرى يوق، قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتا ئۈمىد قالمىغان كارخانىلارنى قەتئىي ۋەيران قىلىۋېتىش لازىم؛ ئوخشاش كەسىپتىكى ياكى ئوخشىمىغان كەسىپتىكى كارخانىلار مەھسۇلات ئۆزگەرتكەن ياكى تەكرار ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىۋاتقان كارخانىلارنى يېتەكلىگەندە ياخشى

كارخانىلار بىر تۈركۈم زىيان تارتىۋاتقان كارخانىلارنى قوشۇۋالغاندا ، بۇ كارخانىلارنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىغا پايدىلىق. كارخانىلارنى ئۇنىۋېرسال ماسلاشتۇرۇش ئىسلاھاتىنى تېزلىتىشتە مەيلى كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ۋە مېخانىزمى بولسۇن ياكى ئۆز ئارا يۇرۇشلەشكەن بازار مۇھىتى، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى قاتارلىق تاشقى مۇھىت بولسۇن، شۇنىڭدەك ئىجتىمائىي پاشانغانلار سۇغۇرتىسى بولسۇن ئىسلاھاتىنى تېزلىتىش لازىم.

**5. سىياسەت بەلگىلەشتە ئېھتىياتچان بولۇپ، سەۋەنلىكنى ئازايتىش.**

بىز ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى تەستىقلىغاندا، رېئاللىققا دىققەت قىلىپ، پەنگە ھۆرمەت قىلىپ، سىياسەت بەلگىلەشتە ئېھتىياتچان بولۇشىمىز كېرەك. بىر قىسىم رايون ۋە ئىدارىلەر يۇقىرىغا تۈر دوكلات قىلغاندا تېزىراق تەستىقلىتىۋېلىشقا ئالدىراپ، دائىم دېگۈدەك كېيىن ئەمەلىيلىشىدىغان ئۈنۈمنى كۆپتۈرۈۋېتىدۇ. يولغا قويۇشقا تېگىشلىك تەتقىقات دوكلاتى ئىلمىي، ئىشەنچلىك ئاساسقا تۇرغۇزۇلمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن دائىم ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەن كۈندىن باشلاپ، ھەتتا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشمەيلا زىيان تارتىشى ئاشكارىلىنىپ ئېغىر يۈككە مۇپتىلا بولۇپ قالىدۇ. ئايرىم رەھبەرلەرنىڭ تۈر تەسىس قىلىشقا قارىتا ئۆز مەنپەئەتىنى ئويلىنىشى كۆپرەك، ئومۇمىي مەنپەئەتكە باش قاتۇرۇشى ئازىراق؛ كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتكە باش قاتۇرۇشى كۆپ، يىراق كەلگۈسى مەنپەئەت بىلەن ئۈنۈمگە باش قاتۇرۇشى ئاز؛ تەپەككۇر ئۇسۇلىدا بىر تەرەپلىمىلىك كۆپ، ھەر تەرەپلىمە تەپەككۇر ئاز؛ ئەۋزەللىككە باش قاتۇرۇشى كۆپ، قىيىنچىلىق، ئوڭۇشسىزلىققا يولۇقۇشنى ئويلىشى ئاز؛ بۇنىڭ نەتىجىسىدە سىياسەت بەلگىلەشتىكى سەۋەنلىكتىن ساقلىنالماي تەكرار قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇندىن كېيىن ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە تۈرگە مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى، كىم تەستىقلىغان بولسا، شۇ مەسئۇل بولۇش، كۆرسەتكەن ئەمگىكىنى خاتىرىلەش، خاتالىق ئۆتكۈزسە سۈرۈشتە قىلىش، كىم ئىلتىماس قىلغان تۈر بولسا شۇ قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش، قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن كىم ۋەكالەتچى بولۇش، باشتىن تارتىپلا ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈشنى تەكلىپ قىلىمىز.

قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتىيە مەكتىپىدىن سەمەت (ت)

# جۇڭگو ـ روسىيە سودىسىدا يەنە يېڭى سەۋىيە يارىتىلدى

روسىيە تاشقى ئىقتىساد ـ تاشقى سودا مىنىستىرلىكىنىڭ ت ئا س س ئاگېنتلىقىنىڭ مۇخبىرىغا ئاشكارىلىغان خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، جۇڭگو بىلەن روسىيە ئوتتۇرىسىدىكى سودا سوممىسى 1996ـ يىلى 7 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، 1995ـ يىلىدىكى سودا سوممىسىدىن 1 مىليارد 500 مىليون ئامېرىكا دوللىرى ئاشقان.

جۇڭگو روسىيىنىڭ ئاسىيا رايونىدىكى ئەڭ چوڭ سودا شېرىكىگە ئايلاندى. ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد ـ سودا مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ۋە يوشۇرۇن كۈچىگە باھا بەرگەندە روسىيىنىڭ تاشقى ئىقتىساد ـ تاشقى سودا مىنىستىرلىكىنىڭ مۇتەخەسسىلىرىنىڭ قارىشىچە، 2005ـ يىلىغا بارغاندا جۇڭگو ـ روسىيە ئوتتۇرىسىدىكى سودا سوممىسى 20 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدىكەن. 1996ـ يىلى روسىيىنىڭ جۇڭگوغا قىلغان ئېكسپورتىدا روشەن ئېشىش بولدى، مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، 1996ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى 10 ئېيىدا روسىيىنىڭ ئېكسپورتى 50% ئاشقان، يەنى 4 مىليارد 340 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن، جۇڭگودىن ئىمپورت قىلغان تاۋارلار 6% ئېشىپ، بىر مىليارد 360 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن.

روسىيىنىڭ جۇڭگو بىلەن تېخنىكا ساھەسىدىكى ھەمكارلىقىدىمۇ راۋاجلىنىش بولدى. 1996ـ يىلى روسىيە كارخانىلىرى جۇڭگونىڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى، ماشىنا پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق 15 تۈرىدە ئۈسكۈنە بىلەن تەمىنلىدى، جۇڭگونى يۇرۇشلەشكەن ئۈسكۈنىلەر بىلەن تەمىنلەش توغرىسىدا ئىمزالانغان توختامغا ئاساسلانغاندا تەمىنلەيدىغان مالنىڭ قىممىتى 1 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىدىن ئېشىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا روسىيىنىڭ جۇڭگونىڭ ئەسلىھە سانائىتىنى ئۈسكۈنە بىلەن تەمىنلەش جەھەتتىكى ھەمكارلىقى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ھەمكارلىشىش سوممىسى 5 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدۇ.

روسىيە تەرەپ قاتنىشىشنى خالايدىغان چوڭ تىپتىكى ئۇزاق مۇددەتلىك تۈر دۇنيادا ئەڭ چوڭ بولغان سەنشيا سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشىنى ھەمكارلىشىپ ئېچىش تۈرىدۇر. روسىيىنىڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە ئۈسكۈنىلىرى ئېكسپورت ھەسسىدارلىق شىركىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلقئارادىكى ئالتە چوڭ شىركەت بۇ تۈرنى ئەسلىھە بىلەن تەمىنلەش ھوقۇقىغا ئېرىشىشكە تىرىشماقتا. روسىيىنىڭ مەھسۇلاتى يۇقىرى باھاغا ئېرىشتى. روسىيە ئېلېكتر ئېنېرگىيە ئۈسكۈنىلىرى ئېكسپورت شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭسەيى ئالېكساندىر. د مۇنداق دەيدۇ: بىزنىڭ لايىھىمىز باھا تەرەپتە ناھايىتى جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە، ئۇنىڭدىن باشقا دۆلەت كېپىل بولىدىغان مالىيە شارائىتى بار، ئەڭ مۇھىمى روسىيىنىڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە ئۈسكۈنىلىرىنىڭ تېخنىكا ئۆلچىمى دۇنيا بويىچە ئەڭ ياخشى. (02)

ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى
(قوش ئايلىق ژۇرنال)
1997 ـ يىللىق 5 ـ سان
(ئومۇمىي 76 ـ سان)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى
نەشر قىلغۇچى: ش ئۇ ئا ر پەن ـ تېخنىكا ئاخبارات تەتقىقات ئورنى
تۈزگۈچى: «ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى» تەھرىر بۆلۈمى
باسقۇچى: شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا گېزىتى باسما زاۋۇتى
تارقاتقۇچى: ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى

مۇشتىرى قوبۇل قىلغۇچى: ھەر قايسى جايلاردىكى پوچتىخانىلار
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 132 ـ 58
پوچتا نومۇرى: 830011
تېلېفون نومۇرى: 3837994(0991)
ھەر جۈپ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى نەشردىن چىقىدۇ
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي بېيجىڭ يولى 40 ـ نومۇر

مەملىكەت ئىچىدىكى بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN65—1133/N باھاسى: 3يۈەن